مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# HERITAGE UIGHUR FOLKLITERATURE



# اس

6

2004



يەن شەن فوتوسى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال
2004 ـ يىل 6 ـ سان




(ئومۇمي 86 ـ سان)

## كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر

دادا، ئەمدى سىزدە ئوقۇيمەن ........................ مەتروزى نورى (1)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

روھ يىلتىزىنى ئىزدەپ.............................. ئابلىز ئورخۇن (3)
قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە ـ زارى....... چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف (53)

## كۆلكە ـــ جان ئوزۇقى

يۇمۇرلار.................................................. (25)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

بىبىخانىمنىڭ مومىيالانغان جەسىدى ۋە مۇھەممەد سالمۇۋچ يۇسۇپوفنىڭ
بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر......... تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (27)

باش مۇھەررىر:
يۇسۇپ ئىسھاق
جاۋابكار مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:
ئەسقەر مەخسۇت

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشر قىلدى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / 1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
باھاسى: 5.00 يۈەن

**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جاي-
لاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر
بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق
چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شە-
ھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى
22-نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىل-
گەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ.
ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇر-
ىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ
يېزىشنى ئۆتۈنىمىز.

**قەدەم تەشرىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى
دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 -
نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدە-
بىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىس-
ىنىڭ 14 - قەۋىتىدە)

تېلېفون: 0991 — 4554017
پوچتا نومۇرى: 830001

编辑: 《美拉斯》编辑部　主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会 (乌市友好南路 22 号文联 14 层)　电话: 4554017　印刷: 新疆日报社印务中心　发行: 乌鲁木齐邮局　订阅: 全国各地邮局　国内统一刊号: CN65-1130/I　国外统一刊号: ISSN1004-3829　邮编: 830001　代号: 58-60　定价: 5.00元

## ساقلىقىڭ - شاھلىقىڭ

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى .......كامال ھسامىدىنوف (قازاقىستان) (39)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

كىتەك بالىق .................................... توپلىغۇچى: ۋەلى داۋۇت (60)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

غاپىللىق ۋە سەگەكلىك................................ (69)

يالغان ئۇخلىۋالغانلارنى ئويغاتقىلى بولمايدۇ.......................... (71)

پاقىنىڭ ئىقرارنامىسى................................ (75)

كېپىنەك قورۇتى................................ (77)

## ئادەم قۇلاقتىن سەمرەر

غەربىي رايون فلولوگىيە بايلىقى مۇنبىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېي-
جىڭدا ئېچىلدى.................................... (73)

**«مىراس» ژۇرنىلىدىن بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە سالام!**

**مۇقاۋىنىڭ 1 - ، 4 - بېتىدىكى رەسىملەرنى مەمەت سىزغان**

ئەقلىمگە كەلسەم بىزنىڭ ئۆيدە دادام، ئانام ۋە مەن ئۈچەيلەن بار ئىكەنمىز. دادام ئائىلىدە ئاساسەن ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئانام ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. مەن ھازىر ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىنى پۈتتۈردۈم. ئائىلىدە بىرلا بالا بولغانلىقىمدىنمۇ ياكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ئۆيدە ھەممىدىن بەك ھۆرمەتكە سازاۋەرمەن.

مەھەللىدىكىلەر ماڭا ئىززەت ـ ئېكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بەلكىم ئۇلار مېنى باشقىچىرەك ئويلىسا كېرەك. ئەمما مەن خىجىللىقتىن ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي



# دادا، ئۆزۈمنى سىزدە ئوقۇيمەن

مەتروزى نۇرى



قالىمەن. چۈنكى «قورساقتىكى ئوماچ» ئۆزۈمگە ئايان. دادام 16 يېشىدا ئەتىرەتتىن بىر قازان ۋە بىر تەلەگگە مۇكاپات ئاپتىكەن. دېمەك، دادام شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئۆز ئەتىراپىدىكى ھۆددىسىدىن تولۇق چىققان. مەن ھازىرغا قەدەر ھەرقانداق بىر ئورۇننىڭ بىرەر پارچە تەقدىرنامىسىگىمۇ ئېرىشەلمىدىم. دادام 17 ياش ۋاقتىدا بوز يەرگە سۇ باشلاپ، 200 ـ 300 تۈپ كۆچەت قويۇپتىكەن. مەن ئەقلىمگە كىلىپ ھازىرغىچە بىر تۈپ كۆچەت تىككىنىمنى بىلمەيمەن. دادام 22 ياش ۋاقتىدا ئات چېپىپ ئوغلاق ئويناپدىكەنتۇق. مەن توپتوغرا 26 ياشقا كىردىم. مېنىڭ ئۆز پۇلۇمغا ئالغان بىرەر ۋېلسىپىتىممۇ يوق. دادامنىڭ نەزىرىدە دۇنيا ئادەمدىن

باشقا، ھايۋانلار بىلەنمۇ گۈزەل، قۇۋانچلىق بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ھايۋاندىن قورقمايلا قالماستىن، يەنە ئۇلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەپسۇس، مەن سەھرا قوينىدا چوڭ بولۇپمۇ، توخۇ بىلەن قويدىن باشقا ھەممىسىدىن قورقىمەن. دادام ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلەمدىكىن تاڭ، كۈندۈزگە قانداق مۇئامىلە قىلسا كېچىسىمۇ شۇنداق ئەركىن. ئەمما مەن كەچ كىرىشى بىلەن تالا - تۈزگە چىقىشتىن قورقىمەن. دادام مال سويىدىغان، ئەتىيازلىرى ئۇلاق ئۇلايدىغان ئىشلارنى گۆل - گۆلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ.

مەن توخۇ بوغۇزلاش تۈگۈل، قەلەم ئۇچلايدىغان بەكنىمۇ ئوڭلاپ تۇتالمايمەن، دادام خۇشال بولسا، قول - قوشنىلارنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە چاي ئىچىپ خۇشاللىقنى باشقىلار بىلەن تەڭ ئورتاقلىشىدۇ. ئىچى پۇشۇپ قالسا، جەينامازدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. ئەمما مەن ئۇنداق ئەمەس. خۇشال بولسام، دوستلىرىمنى چاقىرىپ تازا ئىچىمەن، خاپا بولساممۇ ھەم شۇنداق.

دادام مەھەللىدە توي - تۆكۈن بولسا ئۇلارغا كەچكىچە قارىشىپ بېرىپ قايتىدۇ. مەن پولۇدىن كېيىنلا قايتىمەن. دادام مەھەللىدە بىرەر ئۆلۈم نامىزى بولۇپ قالسا، شۇنداق تۆكۈلۈپ، شۇ ۋاپات بولغۇچىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ قايتىدۇ. ئەمما مېنىڭ ئۇنداق جايلاردا كۆلۈپ سالمىغىنىمنىڭ ئۆزى بىر ئىش. دادام مەھەللىلەردىكىلەرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن زىيانغا ئۇچراشقا رازى. دادام بۇنداق ئىشلارنى خالايدۇ، بىراق مەن ئۆزۈمگە زىيان يېتىدىغان بارلىق ئىشلارنى خالىمايمەن. دادام تېخى دۇتار، تەمبۇرلارنى راسا سازلاپ چالالايدۇ، ماڭا سۇناي بەرسە، پۇۋلەپ ئاۋازىنى چىقىرالماسلىقىم تۇرغانلا گەپ. دادام - ئاپام 45 يىل ئۆي تۇتۇپ، ئىجىل ئۆتتۈۋاتىدۇ. ئەپسۇس، مەن ئىككى - ئۈچ قىز يەڭگۈشلەپ بولدۇم.

دادام يىغقان پۇللىرىنى كۆڭۈلىنىڭ ساغلام بولغان خۇشلۇقى، تېنىنىڭ سالامەتلىكى، ھويلا - ئارامىلارنى كۆكەرتىش ئۈچۈن خەجلەيدۇ. ئەپسۇس، مەن دادام بەرگەن پۇللارنى كۆڭۈلنىڭ ئەرزىمەس خۇشلۇقى ئۈچۈن خەجلەيمەن. بىلىشىمچە، دادامنىڭ كوچا - كويلاردا بىرەرى بىلەن ئۇنلۇك پاراڭلىشىپ قالغىنىنى بىلمەيمەن، دادام چوڭلارغا قانداق مۇئامىلە قىلسا، كىچىكلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمما مەن ئىككى - ئۈچ كۈندە بىرەرى بىلەن قىزىرىشىپ تۇرىمەن. دادامدىكى بۇ كۆيۈم ۋە مېھرىبانلىقتىن ھەممە بەھرىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۆزۈمدىن ئارتۇق «كېمىر»نى يۇدۇپ يۈرىمەن. مەندىكى بۇ ئىنسانىي كەمتۈكلۈكلەرنى دادام ئويلىمىسا كېرەك. 26 ياشلىق بىر يىگىتتە دادىسىنىڭ ياشانغاندىكى ئالامەتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئەر، دادا بولۇپ قالسام قانداق قىلارمەن؟

دادام مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىقلا بولغان. ئەمما مەن قېلىن - قېلىن كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتىمەن. ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ ھەم ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى بىلىم ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. بىلىم دېگەن ھەق بىلەن ناھەقنى، خاتا بىلەن توغرىنى، راست بىلەن يالغاننى ئايرىيالىسا، شۇ ھەقىقىي بىلىم ئوخشايدۇ. مەن يېڭىۋاشتىن شۇ جاپاكەش دادامدا قايتا بىر ئوقۇسام بولغۇدەك. مېنى داۋاملىق قىينايدىغىنى دادامدىكى ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن بارا - بارا يىراقلاۋاتقانلىقى... دادا، ئەمدى چوقۇم سىزدە ئوقۇيمەن. ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئۆزۈمنى تارتىمەن.

(ئاپتور: خوتەن ناھىيە لاگرۇ يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



2004.6




# روھ يىلتىزىنى ئىزدەپ..

## ـ سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت

ئابلىز ئورخۇن

بالىلىق چاغلىرىمىزدا خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تۆت بۈيۈك ئەسەرنىڭ بىرى بولغان «سۇ بويىدا» رومانىدىن باشقا ئوقۇغىدەك تۈزۈك ئۇيغۇرچە كىتاب يوق ئىدى. تېخى ئۇنىمۇ تولۇقى بىلەن تېپىش تەس ئىدى. ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىق، تىلىنىڭ ئاممىباب ھەم جەزبىدارلىقى ھەرقانداق كىشىنى بىردىنلا ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالاتتى. كىتابنى ئوقۇغانسېرى ئەسەر قەھرىمانلىرى قەلبىمىزگە شۇنداق مۇستەھكەم ئورنىشاتتىكى، كۆرىدىغان چۈشلىرىمىزنىڭ ئورنىنىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قەھرىمانلىرى ئىگىلەشكە باشلايتتى. «سۇ بويىدا»نىڭ كەينىگە ئۇلاپلا «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» رومانى، سەل كېيىنرەك «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانلىرى نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز تېخىمۇ كۆپەيدى. مەنلا ئەمەس ئۆز ئۆتمۈشىدىن ھېكايە قىلىدىغان مۇنداق جەلپكار قىسسە، رومانلىرى بولمىغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئاشۇ رومان قەھرىمانلىرىنىڭ، ۋەقەلىكلىرىنىڭ شەيداسى، ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالاتتى. رومانلارنى ئوقۇغانسېرى ئۆزۈمنى خۇددى ئاشۇ ئەسەر قەھرىمانلىرى بىلەن بىر گەۋدىدەك ھېس قىلىدىغان، ئۇلاردىن پەخىرلىنىدىغان تۇيغۇ شەكىللىنەتتى. بارا ـ بارا كۆزۈمگە رېئال دۇنيادىن كۆرە، ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇ قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان ئۆتمۈش گۈزەل كۆرۈنىدىغان بولدى. مېنىڭ تارىخ ئىلمىغا بولغان ساددا قىزىقىشلىرىم ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغانىدى. تارىخ ئىلمىغا مۇھەببەت باغلىغان باشقا قۇرداشلار ئارىسىدىمۇ مانا مۇشۇنداق بىر تەسىرنىڭ بارلىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمىسا كېرەك. تېخى ئاق ـ قارىنى ئىلغا قىلىشقا قۇربىمىز يەتمەيدىغان پاك قەلبىمگە تارىخ ئىلمىنىڭ جىنى چاپلاشقان زامانلار 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ئىدى. قەلبىمدە تارىخ ئىلمى ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان، كىتابقا قاندماي يۈرگەن چاغلىرىمدا مەرھۇم شەرىپىدىن ئۆمەرنىڭ

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۆچېركلار»
دېگەن كىتابى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. كىتاب ئەدەبىيات
تارىخىغا بېغىشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ئـەدەبـىي
مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى بايانلاردا ئۇيغۇر
تارىخىغا دائىر ئاز ـ تولا ئۇچۇرلار بار ئىدى. كىتابتىكى
پارچە ـ پۇرات تارىخىي ئۇچۇرلارنى بىر نۇقتىغا يىغىشقا
ھەمدە ئۇنى دەماللىققا ھەزىم قىلىشقا قۇربىم يەتمىسىمۇ،
شۇ چاغقىچە كاللامغا يىغىلغان تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن
بۇ كىتابتىكى ئۇچۇرلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بول-
دۇم. كىتابنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىققىنىمدىن كېيىن،
ئۆتمۈشىمىز ۋە ئۇيغارلىقىمىزغا بولغان شەيدالىقىم كۆڭ-
لىدىن كۆڭگە يالقۇنجاشقا باشلىدى. شۇ چاغقىچە ئوقۇغان
ئازغىنە كىتابلار ئىچىدىكى ئۆزلۈكىمىزگە ئائىت ئۇچۇر-
لارنى بىر يەرگە يىغىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، كاللامدى-
كى ماڭا ئوخشاش سانسىزلىغان باللارنىڭ كـىـرسـىـز
قەلبىگە ئورناشقان تارىخ ئۇقۇمى ئاللىقاچـان مـاكـان،
ئىرق، ئۇيغارلىق چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۆ-
زىدە ئۆزلۈك ئېڭىنى تىكلىمىگەن ئوقۇتقۇچى نېمـىـنى
ئاڭلىسا ۋە كۆرسە شۇنى ماگنىتتەك تۇتۇۋالالايدىـغـان
سەبىيلەر قەلبىگە ئون يىل كاپىشىمۇ شى نەيئەن ۋە
لوگۇەنجۇڭلاردەك ئۇلۇسسۆيەرلىك، يۇرتسۆيـەرلـىك
تۇيغۇسىنى ئاتا قىلالمايدىكەن. بىزنىڭمۇ ئۆز ئۆتمۈشى-
مىز، ئۇيغارلىقىمىز، ئالپ ـ ئەرەنلىكلىرىمىزدىن ھېكايە
قىلغۇچى ئاشۇنداق قىسسە، رومانلىرىمىز، داستانلىرىمىز
بولغان بولسىدى، گۆدەكلەر قەلبىدە ھەر زامان يېنىشقا
باھانە تاپالماي تۇرىدىغان تۇرلۇك سۆيگۈ ئوتلىرىنى
ياندۇرۇشتا چوغنى باشقىلاردىن تىلەپ ئېلىشقا مەجبۇر
بولمىغان، ھازىرقىدەك روھىي، مەنىۋى چەلكەشلىكلەرگە
دۇچار بولمىغان بولاتتۇق.

80 ـ يىللاردىن كېيىن مەندە مەيلى قانچىلىك بىل-
مىنىڭ جۇغلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن چۈشەيدىـغـان
جاي‍ـــسارىغ ئۆكۈز بويلىرىدىن چىن تېمىنىڭ (سەددى-
چىن) شىمالىغا يۆتكەلدى.

مىلادىيە 552 ـ يىلى چىن تېمىنىڭ شىمالىدا قۇد-
رەتلىك تۈرك قاغانلىقى بارلىققا كەلدى. قاغانلىـقـنىڭ
شىددەت بىلەن قۇدرەت تېپىشى، زېمىنىنىڭ ھەدەپ كې-

ڭىيىشى شۇنىڭدىن 400 يىل ئىلگىرىكى ھۇن ئىمپېرى-
يىسى دەۋرىنى ئەسلىتەتتى. لېكىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
تىكى ھاكىمىيەتلەر شىمالدىكى بۇ يېڭى ھاكىمىيەت بى-
لەن ھۇنلار دەۋرىدىكىدەك ئىزچىل پاسسىپ قوغدىنىش
ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا توپ-
لىغان ئۇنۇملۇك چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئىشلىتىش يولى
بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈ-
رۈپ كەلدى. مانا مۇشۇ تىنچلىق مەزگىللىرىدە نۇرغۇن
تۈرك ئاھالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سودا ـ سـېـتـىق
ئىشلىرى بىلەن بېرىپ يەرلىشىپ قالدى. دېمىسـىـمـۇ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەپتۇنكار مەدەنىيىتى ئەتراپتىكى
خەلقنى ئۆزىگە ھەر زامان تارتىپ تۇراتتى. ئۆز دەۋرىدە
شىمالدىكى ھاكىمىيەتلەرگە قارىتىلغان ئۆزىگە تارتىش
سىياستى نەتىجىسىدە، ئۆز ئېلىدىن كۆڭلى بۆلۈنگەن
بىر توپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ يار-
دىمىدە غالىب چىقسا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېقـىـنـدى
سۈپىتىدە بىر مەزگىل دو سۈرەتتى؛ مەغلۇپ بـولـسـا
دەرھال چىن تېمىدىن ئۆتۈپ ئۆتتۇرا تۈزلەڭلىككە سې-
غىناتتى. مۇنداق قوۋملار تابغاچ خانلىرىنىڭ ياردىمىدە
قولىدىن كەتكەن تاجۇ تەختىنى قايتۇرۇۋېلىش چۈشىنى
چۈشەۋېتىپ، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا يەرلىك خەلـقـقـە
سىڭىشىپ يوقاپ كېتەتتى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدا قۇرۇل-
غان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قىسمەتتىن قېچىپ
قۇتۇلالىغان ئەمەس. تۈرك خانلىقى دەۋرىدە بۇ خىل
يۇغۇرۇلۇش يۇقىرى چېكىگە يەتتى. تۈرك خانـلـىـقى
582 ـ يىلى غەربىي ۋە شەرقىي تۈرك خانـلـىـقى دەپ
ئىككىگە بۆلۈنگەن بولسىمۇ، لېكـىـن شـەرقـىي تـۈرك
خانلىقى سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ قې-
لىۋەردى. بۇ جەرياندا تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يېنىنى ئالغان
شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ بىر تۈركۈم سانغۇن ۋە بەگ-
لىرى ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا يېڭىلىپ چاڭئەن
ۋە باشقا شەھەر، ناھىيىلەرگە كېلىپ يەرلەشتى. سـۈي
سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ
يەرلىشىشكە باشلىغان تۈركلەر ئۆزىنىڭ ئۇلۇسال تە-
ۋەلىكىنى ساقلاپ بىر جامائەت شەكىللەندۈرەلمـىگـەن
بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردە تاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ

ئىچكى قىسمىدىكى تۈگىمەس مىللىي ماجىراغا ۋە مۇ-
رەككەپ سىياسىي كۈرەشكە سەۋەب بولدى.

تۈرك خانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ كېلىۋاتقان بىر
تۈركۈم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 630 ـ يىللىرىدىن باشلاپ
ئىچىدىن ئارداپ تۈگەشكەن تۈرك خانلىقىغا تىغ كۆتۈ-
رۈپ، ئۆز بېقىمسىزلىقىنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. بىر
نەچچە يىللىق كۈرەشتىن كېيىن، يەنى 640 ـ يىلى ئۇ-
لۇغ ئىلتەبىر تۇمىد باشلىغان بېقىمسىزلىق ئۇرۇشى
دەسلەپكى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ
تۇنجى خانلىقىنى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. لېكىن
لىڭشىپ قالغان شەرقىي تۈرك خانلىقى يەنىلا شىمالدىكى
نوپۇزلۇق ھاكىمىيەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇر-
غاچقا، ئۇيغۇرلار ئۆز بېقىمسىزلىقىنى تولۇق ئەمەلگە
ئاشۇرالمىدى. بۇ پەقەت 744 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاند-
دىن تولۇق ئەمەلگە ئاشتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ
ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھەقىقىي ھۆكۈمرانىغا
ئايلاندى. شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ تۈركۈملەپ ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە بېرىپ يەرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان جارا-
ھەت ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە ئېغىر ئېلىشقا باشلىدى.
تاڭ ئوردىسىدا مۇھىم ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن ئەن
لۇشەن 755 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ، خانلىقنىڭ نۇر-
غۇن يەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ھالاكەت
گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى. دۆلەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن
چۈشكەن مانا مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە
ئۇيغۇر خانلىقى 757 ـ يىلى ياغلاقار مويۇنچۇرنى يار-
دەمگە ئەۋەتىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا ئاز لەشكەر بە-
لەن ئەن لۇشەن ۋەقەسىنى تىنچىتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ
داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە
قىلدى. مۇشۇ قېتىملىق ياردەم بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تۈرلۈك سودا ـ سېتىق پائالى-
يەتلىرى كەڭ ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئەن لۇشەن
757 ـ يىلى ئۆلگەن بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسىنى
قاتتىق زەئىپلەشتۈرگەن بۇ ۋەقە تاكى 762 ـ يىلىنىڭ
ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. 762 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
قاغانى ياغلاقار ئىدىكەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەلىپى بو-
يىچە ئۆزى قوشۇن تارتىپ بېرىپ، شى سىمىڭ، شى
چاۋيى ۋەقەلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تىنچىتتى. تاڭ سۇ-
لالىسىمۇ قايتا ئەمىنلىككە ئېرىشىپ ھۆكۈمرانلىقىنى دا-
ۋاملاشتۇردى. بىراق، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
ئىككى قېتىملىق ياردىمىنى ئېلىپ ئىسياننى تىنچىتىشتا
ئىنتايىن ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. مەملە-
كەت زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ قولدىن كېتىشىگە سە-
ۋەب بولغان بۇ ئىككى قېتىملىق چوڭ ئىسياننى تىن-
چىتىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنچىلىق ئاز قوشۇن ۋە قىسقا
ئارىلىقتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ھازىرقى زامان تا-
رىخچىلىرىنى مەڭدىتىپ قويدى، ئۇلار ئۇيغۇرلار بۇ
ئىسيانلارنى تىنچىتىشتا ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە
ئېرىشكەن دېگەن ئويدۇرمىنى توقۇشقا مەجبۇر بولدى.
ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىملىق ھەربىي ياردەمدە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنى قاتتىق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندىن سىرت،
نۇرغۇن قىز ـ چوكاننى ئۇيغۇر ئېلىگە ئېلىپ كەتتى ① .
بۇنىڭدىن سىرت تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى
ئوتتۇرىسىدىمۇ قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئەدەپ
كەتتى. قۇدا ـ باجىلىق سىياسىتى ئۇيغۇرلار تازا قۇدرەت
تېپىپ، شىمالدا يېنسەي بويىدىكى قىرغىزلارنىڭ كۆپ
قېتىملىق ئىسيانلىرىنى، ئىلى، يەتتىسۇ بويلىرىدىكى
قارلۇقلارنىڭ ئىسيانلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تىنچىتىپ،
خانلىق زېمىنى تاكى بالاساغۇنغىچە كېڭەيگەن مەزگىل-
لەردە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئوردىدىكى
تابغاچ مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان تېكىن بىلەن ئۇيغۇر
مەلىكىدىن تۇغۇلغان تېكىننى تەخت ۋارىسى قىلىش مە-
سىلىسىدە كۆتۈرۈلگەن ئىختىلاپ ئوردىنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى يىمىرىلىشكە سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە ئۇدا بىر قانچە يىل يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت قا-
غانلىقنى تېخىمۇ ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. ئۇيغۇر خانلى-
قى ئېغىر كرىزىسكە پاتقان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدى-
لانغان قىرغىزلار ۋەزىر قارا بۇيرۇقنىڭ ياردىمىدە
ئۇيغۇر خانلىقىنى گۇمران قىلدى. بىر كېچىدىلا ئۆز
خانلىقىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە
پىتراپ كەتتى. تېكىن ئورموزدا نۇرغۇن قوۋمىنى

باشلاپ تاڭ دۆلىتىگە ئەل بولدى. ئۆتمۈشتىكى بىر
نەچچە قېتىملىق ياردەمنىڭ ئۆتىنىسىنى ئېلىشقا مۇتلەق
ئىشەنگەن ئۆگە تېكىن سەددىچىنىدىن ئۆتۈپ تاڭدىن
ھەربىي ياردەم ئەمەس، بەلكى ئاشلىق ۋە ۋاقىتلىق پا-
ناھ جاي سورىغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا
ياردەم بېرىشنى خالىمىدى. ئەكسىچە ئورموزدانى ئۇچ-
لاپ ئۆگە تېكىنگە سالدى. خانلىق يىمىرىلىپ بىر يىل-
دىن كېيىن يەنى 841 ـ يىلى ئۆگە تېكىن ئۆزىنى قاغان
دەپ جاكارلاپ سەرسان بولغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى
تەشكىللەپ ئۇيغۇر خانلىقىنى قايتا تىكلەشكە ئاتلاندى.
ئۆزىنى ئۇكىشۋېلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق بازا سۈپىتىدە
تۇرۇشقا سورالغان زېمىن تەلىپى رەت قىلىنغان ئۆگە
قاغان ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن قار-
شىلىشىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆگە قاغاننىڭ قول ئاستى-
دىكى قەبىلىلەر ئۆزلىرىنى «ئون تۈمەن كىشىلىك قو-
شۇن» ② دەپ ئاتىدى. بىراق، ئۆگە قاغانغا قارشى
ئۇيغۇر قوشۇنلىرى، قىرغىزلار ۋە تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ
تەرەپ ـ تەرەپتىن بەرگەن زەربىسى نەتىجىسىدە ئۆگە-
قاغان پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولدى ۋە ئۇزاق ئۆت-
مەيلا ئېچىنىشلىق ئۆلدى. تاڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي
ياردەم ۋە پاناھلىق تىلەپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېرى-
مىدىن كۆپرەكى يەنى 150 ـ 160 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۇرۇپ قالدى. ③ تاڭ پادىشاھى
دانا ۋەزىر لى دېيۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە جەنۇبقا
كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى بىر نەچچە ناھىيىگە تارقاقلاشتۇ-
رۇپ ئورۇنلاشتۇردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە تاجۇ
تەختنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىدە جەنۇبقا كۆچكەن بۇ
ئۇيغۇرلار بۇ ئارمانلىرىغا يېتىش تۇگۇل، تارىخ سەھنى-
سىدىن ئۈن ـ تىنسىز غايىب بولدى.

پان تېكىن باشچىلىقىدا گەنسۇدىكى قېرىنداشلىرى
يېنىغا كۆچكەن يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار يەتتە ـ
سەككىز يىللىق قانلىق كۈرەشتىن كېيىن، يەنى 847 ـ
يىللىرى ئەتراپىدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گەنجۇ (ھازىرقى
جاڭيې شەھىرى، گەنجۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە
ئىزچىل «قامچى» دەپ يېزىلغان، ھازىرقى سېرىق
ئۇيغۇر تىلىدا گامسى دېيىلىدۇ) شەھىرىنى مەركەز قىل-
غان قامچى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. تاڭ سۇ-
لالىسى ۋە قىرغىزلارغا بويسۇنۇشنى خالىمىغان ئۇيغۇر-
لار نۇرغۇن توساق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلىك يولنى بې-
سىپ پان تېكىننىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. «سۇڭ سۇلالى-
سى تارىخى»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قامچى ئۇي-
غۇر ئېلىنىڭ شەرقىي چېگرىسى سارىغ ئۆكۈزگە، غەربىي
چېگرىسى قارلىق تاغقىچە سوزۇلغان، تەۋەسىدە بىر
قانچە يۈز كىچىك ۋىلايەت بولغان. ④ بۇنىڭدىن باشقا
خانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا شۇ چاغلاردا مەركىزىي ئا-
سىيانىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان دۇنخۇاڭ
شەھىرىمۇ كىرگەنىدى. شىمالىي چېگرىسى گوبى چۆل-
لۈكى ئىدى. شۇنداق قىلىپ قامچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
زېمىنى 540 مىڭ كۋادرات كىلومېترغا يەتكەن. ⑤ بۇ
خانلىقنى قۇرغان ئۇيغۇرلار خەنزۇ مەنبەلىرىدە قامچى
ئۇيغۇرلىرى، شاجۇ ئۇيغۇرلىرى دېگەندەك ناملار بىلەن
ئاتالدى. قامچى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سا-
نى ئېنىق بولمىسىمۇ، بىر نەچچە يۈزمىڭدىن كەم ئە-
مەس ئىدى. قامچى ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغانلار يەنىلا
ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىدەك ياغلاقار ئۇرۇقىدىن
ئىدى. قامچى ئۇيغۇر خانلىقى يىپەك يولىنىڭ قاق ئوت-
تۇرىسىدا تىبەت، تاڭغۇت، قىتان قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر
بىلەن قاتتىق تىركىشىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى توپتوغرا
189 يىل ساقلاپ كەلدى. 1036 ـ يىلى قامچى ئۇيغۇر
خانلىقى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. ئەڭ ئاخىر-
قى ياغلاقار قاغان تاڭغۇتلارغا بويسۇنۇشنى ھاقارەت
دەپ بىلىپ، باشكەنت قامچى بالىقتا خالايىق ئالدىدا
ئۆزىگە ئوت يېقىپ ئۆلۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇب
ۋە غەربىي جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سى-
ياسىي سەھنىسىدىن ئايرىلدى. قاغانلىق مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان مەزگىللەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قې-
رىنداشلىرى بىلەن قويۇق ئالاقە ئورنىتىپ كەلگەن
قامچى ئۇيغۇرلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى..
موڭغۇللار ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە گەنسۇ ۋە
چىڭخەي ئەتراپلىرىدا «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن نام
بىلەن ئاتىلىدىغان بىر قوۋم غىل ـ پال پەيدا بولۇپ
يەنە غايىپ بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن
كېيىنكى 300 يىلدا سېرىق ئۇيغۇرلارغا دائىر ئۇچۇرلار-
مۇ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قالدى.

ئۆز دەۋرىدە خېشى ئارىلىقىدىكى ئىككى چوڭ كۆچ
—تىبەتلەر بىلەن تاڭغۇتلار ھەمدە شىمالدىكى قىتانلار
بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى بە-
لەن تىركىشىپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى 200 يىلدەك تۇتۇپ
تۇرالىغان ئۇيغۇرلار پۈتۈنسۇرۇك مىللەت سۈپىتىدە غا-
يىب بولدىمۇ؟ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئايرىلماس ھەم پەخىر-
لىك بىر بۆلۈكى 1036 ـ يىلى بىلەن تۈگەشتىمۇ؟ ئۇدۇل
جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى ئېيتمايلا قويايلى، يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن موڭ-
غۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا جەلپ قىلىنغان
شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئالىم، باخشىلار، مەمۇرلار، ھېسابسىز
ھۈنەرۋەنلەر، تىجارەتچىلەر، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تىن-
چىتىشقا بارغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى كېيىنكى كۈنلەردە
نەگە كەتتى؟ موڭغۇل ئوردىسىدا ئوردا تارىخى يېزىشقا
يېتەكچىلىك قىلغان ئۇيغۇر تارىخچىلىرى، تۈرلۈك دىنىي،
ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، يېزىشقا
قاتناشقان ئۇيغۇر باخشىلىرى نەگە كەتتى؟ بېيجىڭدىكى
جۈيۇڭ قوۋۇقىغا ئۇيغۇرچە بۇددا شېئىرلىرىنى يېزىپ
قالدۇرغان بۇددا ئالىملىرى قېنى؟ بۇلار ئويلىغانسېرى
كىشىنى ئويغا سالاتتى. مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ جەڭ-
گىۋار، ئەڭ تېتىك، ئەڭ سۆزمەن، سودا ـ تىجارەتكە ما-
ھىر، پائالىيەتچان، ئۇيغارلىقتا ئەڭ ئۈستۈن دەپ تەرىپ-
لەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىن باشقا جايلاردا جامائەت
بولۇپ شەكىللىنەلمەي ئۈن ـ تىنسىز غايىب بولۇشى كى-
شىنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەتكەن
ھەرقانداق بىر كۈچلۈك مىللەتنىڭ ئاشۇ نەچچە مىڭ يىل-
لىق سېھىرلىك مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئۆز پېتىچە قۇتۇ-
لۇپ چىقالماسلىقى تەبىئىي. باش ـ ئاخىرى چىقمايدىغان
بۇ چىگىش سۇئاللىرىمغا ئۆزۈمچە ئەنە شۇنداق جاۋاب
بېرىپ، قانائەت ھاسىل قىلغان بولدۇمىيۇ، ھېچقايسى مىل-
لەت نوپۇسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلمەيدىغان،
ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭقۇر تارىخىي، ئىجتىمائىي ئاساسقا
ئىگە گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب
بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە پائال-
يەت ئېلىپ بارغان بۇ رايونلاردا يوچۇن مىللەتلەرنىڭ
پەيدا بولۇپ قېلىشى كىشىنىڭ ئەقلىغا سىغمايدۇ. ئايلى-
نىپ ـ ئايلىنىپ يەنە شۇ بىر سوئال: پۈتۈنسۇرۇك بىر
خانىدانلىق ئاھالىسى نەگە كەتتى؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
مىللىي ئۆزلىكىنى شۇنچە تېز يوقاتقاندىمۇ، ياكى باشقا
ياقىلارغا تۇركۇملەپ كۆچكەنمىدۇ؟ كۆچكەن بولسا ھازىر
قەيەردە؟ 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە ئىسلامنى قوبۇل قىلىش-
تىن باش تارتىپ، بۇددىزم ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرغان، ئى-
دىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قومۇل، تۇرپان ۋە لوپنۇر را-
يونلىرىدىن ئاممىۋى رەۋىشتە گەنسۇدىكى قېرىنداشلىرى
يېنىغا قاچقان تۇركۇم ـ تۇركۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى
قېنى؟ قامچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاھالىسى ھېچ بولمىغاندا
شەرقتىكى ئاشۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ھېسابى بەدىلىگە بول-
سىمۇ ئاۋۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە
گەنسۇدىن قومۇل ۋە تۇرپانلاردىكى قېرىنداشلىرىغا سالام
خەت ئەۋەتكەن ۋە تۇغقانلىرىنىڭ جاۋاب خەتلىرىگە تەل-
پۈنگەن ئۇيغۇرلار قېنى؟ قومۇل، تۇرپان رايونىدىن
گەنسۇدىكى قېرىنداشلىرىنى پاناھ تارتىپ بېرىش ئىس-
لامدىن باش تارتىش سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن
گەنسۇغا قېچىش تاكى 1932 ـ يىللارغىچە داۋاملىشىپ
كەلگەن ئۈزۈلمەس ئەنئەنە. يۇرت بېشىغا ھەر زامان بىر
يېغىلىق ياغسا، ئىككىلەنمەيلا گەنسۇغا—ئۆز قېرىنداش-
لىرى يېنىغا بېرىش قومۇللۇقلۇقلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك
ئىش ئەمەس. ئەقەللىسى، مۇشۇ قۇرلارنىڭ يازارى بولغان
كەمىنىنىڭ دادىسىمۇ خوجىنىياز ھاجى يېغىلىقىدا دادىسىغا
ئەگىشىپ خوجايوفلار جەمەتى بىلەن بىللە سۇكچى(ھا-
زىرقى جيۇچۈەن قومۇللۇقلار ۋە سېرىق ئۇيغۇرلار تىلىدا
ئىزچىل سۇكچى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن)گە بېرىپ جاھان
تىنچىغاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ.
تېخى 19 ـ ئەسىردىلا تۇرپاندىن نەچچە تۈمەن ئادەمنى
باشلاپ گەنسۇغا بېرىپ قايتىپ كەلگەن ئىمىن خوجىنىڭ
گەنسۇدا تۇرۇپ قالغان قالدۇقلىرى قېنى؟ ئىدىقۇت
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋۇۋېيغا بېرىپ ئەمىنلەشكەن خان
جەمەتى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قېنى؟مانا مۇشۇنداق
ھەددى ـ ھېسابسىز، باش ـ ئاخىرى يوق چىگىش سۇ-

ئاللار مېنى 20 يىلدىن بېرى قىينايتتى، ئۆز ئۆتمۈشىمىز ھەققىدىكى ساۋاتلىرىم كۆپەيگەنچە سوئاللىرىممۇ شۇنچە كۆپىيىپ باراتتى.

80 ـ يىللاردىن كېيىنكى مىللىي ئۆزلۈك ئىگىلىنى تىكلەش تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە نۇرغۇن چىگىش سوئاللارغا قىسمەن جاۋابلار تېپىلغان بولدى. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئالىملار ئىككى چوڭ مەنبەگە يەنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ مەنبەلىرىگە تاياندى. ئۇيغۇر مەنبەلىرى تۇرپان بىلەن گەنسۇغا مەركەزلەشكەن ئىككى ئۇيغۇر بۇددىزىم بۆشۈكىنى ئاساس قىلغاندى. چەت ئەل مۇزېيلىرىنى بېزەپ تۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يىغىۋېلىنىشى ئادەمگە ھەرھالدا ئازراق تەسەللى بېرەتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق يېزىق سۈپىتىدە تاكى 15 ـ ئەسىرگە قەدەر ئىشلىتىلىشى، بۇ يېزىقنى گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تاكى 18 ـ ئەسىرگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇشى كىشىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرەتتى.



مىڭ ئەپسۇس، شۇنچە پارلاق ئۇيغارلىق ۋە تارىخنىڭ ئىگىسى بولغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىشى كۆڭۈلنى قاتتىق غەش قىلاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە گەنسۇدا سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى دېگەن بىر جاينىڭ بارلىقىنى بىلگىنىمدىن كېيىن ئىچىمگە بىر ئوت چۈشكەندەك بولدى ـ دە، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ كۆردۈم. لېكىن، كۆرگەن نەرسىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى كاللامدىكى چىگىش سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. ھەرقانچە قىلسامۇ بۇ سان ـسىپىرلارنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز ئىدىم: ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغاندا سېرىق ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئاران 3499 جان، 1992 ـ يىلغا كەلگەندە ئازكەم 13 مىڭ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە 17 مىڭ بولۇشى... غەربتىكىلەرنىڭ سېرىق ئۇيغۇر تىلدا، شەرقتىكىلەرنىڭ موڭغۇل شېۋىسىدە، بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە خەنزۇ تىلدا سۆزلىشى دېگەندەك سان ۋە مەلۇماتلار...

ئارمانلىرىم ئارمان پېتى قېلىۋەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسىنىڭ ھە دېسىلا كېيىنكى مەزگىللەردە قومۇل، تۇرپان رايونىدىن بارغان ئۇيغۇرلارغا باغلاپ تەتقىق قىلىنىشى كۆڭلۈمنى تېخىمۇ غەش قىلاتتى. چۈنكى مەن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئاشۇ ئالپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مىللىي ئۆزلۈكىنى يوقاتماي، ئەڭ مۇستەھكەم تۇرۇپ كەلگەن سىر خىل قىسمى دەپ تونۇيتتىم. شۇڭا ئۇلارنى كۆرۈش ئىستىكى ھەر دائىم قەلبىمدە ئوت بولۇپ ياناتتى. 1999 ـ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرى يەرمەنكىسىدە گەنسۇ ئۆلكىلىك تەزكىرە كومىتېتىدىن كەلگەن خې خۇڭمېي ئىسىملىك يۇغۇر ئايال بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشتۇم، ئۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمنى بىلگەندىن كېيىن «سەن مېنىڭ قېرىندىشىم» دەپ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن قان ـ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئاشۇ خەنزۇچە بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغانىدى. باشقا مىللەتلەر ئالدىدا ئالەمچە سۆيۈنۈپ كەتكەنىدىم. ئۇنىڭ يۇغۇرلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلىرى مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدى. شۇڭا سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بېرىش مېنىڭ مەڭگۈ چۈشەيدىغان چۈشۈم ئىدى.

شۇنداق قىلىپ كاللامغا بۇ سەۋدايى ئاغرىق چۈشۈپ 20 يىلدىن كېيىن، يەنى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تارىخچى سەمەت ئەسرا، شائىر ۋە تەرجىمان دىلمۇرات تەلئەت، شائىر ئابلىز ئۆمەر ھاجىلار بىلەن بىرگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتلۇق سالىمىنى ئېلىپ قومۇلدىن سېرىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا تەۋەككۈل دەپ ئاتلاندۇق. مېڭىشتىن ئىلگىرى سېرىق ئۇيغۇرلار توغرىسىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلىغان ئابدۇرېشىت جېلىل قارلۇق ئەپەندىدىن مۇناسىۋەتلىك يۇغۇرلارنىڭ ئىسىم، ئادرېس، تېلېفون نومۇرلىرىنى ئېلىپ، ھەتتا ئۇنىڭ سۇنەندىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئالدىن تېلېفون بېرىشى بىلەن كۆڭلىمىزنى تىندۇرۇپ ماڭغان

بولساقمۇ، پۈتۈنلەي باشقا مۇھىت، باشقا دىندا تۇرۇ-
ۋاتقان، 900 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سېرىق ئۇيغۇرلار
ئارىسىدا قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشىمىزنى تەسەۋۋۇر
قىلالماي يول بويى سەل دېلىغۇلچىلىق ئىچىدە ماڭ-
دۇق. پويىز توققۇز يېرىم سائەتتىن كېيىن 792 كىلو-
مېتىرلىق مۇساپىنى بېسىپ ئەتىسى سەھەردە جاڭيې شە-
ھىرىگە يېتىپ كەلدى. بىز بارماقچى بولغان سۇنەن
يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى جاڭيې ۋىلايىتىگە قاراشلىق
ناھىيە بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە
توغرا كېلىدىكەن. جاڭيې شەھىرى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى
خېلى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، شەھەر قۇ-
رۇلۇشى، كوچا - كويىلار ئوخشاش بىر قېلىپتا بولغاچقا،
ھېچنېمىسىگە قىزىقماي، يەنىلا سۇنەنگە بېرىشقا ئالدى-
رىدۇق. سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جاڭيې
شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى بار ئىكەن.
سۇنەن بىلەن جاڭيې ئارىلىقىدا قاتنايدىغان يولۇچى
ئاپتوبۇسلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن ماڭىدىكەن.
بىزمۇ جاڭيې شەھىرىگە كىرىپ ھايال قىلمايلا سۇنەنگە
يولغا چىقتۇق. جاڭيې شەھىرى بىلەن سۇنەننىڭ ئارى-
لىقىدا 92 كىلومېتىرلىق يول بار ئىكەن. شىمالدا ھەي-
ۋەتلىك تەڭرىداۋان (يۇغۇرلار بىز ھەر خىل ئاتاپ كې-
لىۋاتقان چىلەنشەن تېغىنى تەڭرىداۋان دەپ ئاتايدى-
كەن) سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئاپتوبۇس بىرەر سائەت ماڭ-
غاندىن كېيىن ھەيۋەتلىك تاغ يولىغا كىرىپ كەتتى،
ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىنىڭ تار ھەم خەتەرلىكلىكى،
يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدىكى چوڭقۇر ھاڭ، ھاڭ ئاستىدا
يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا ئادەمنىڭ تېنىنى
شۈركەندۈرەتتى. تاغ يولىنىڭ تۈز يېرى 100 مېتىرمۇ
چىقمىسا كېرەك، شۇنچىلىك تولغىماچ، ئالدىڭىزدىن
تۇيۇقسىز بىرەر ماشىنا چىقىپ قالسا ئۆزىڭىزنى ھازىرلا
ھاڭنىڭ تېگىدە كۆرىدىغاندەك قورقۇنچلۇق ئىدى.
كۆڭلۈم دەككە - دۈككىدە بولسىمۇ، بىر سائەتكىچە ئا-
يىغى چىقمايدىغان ئاجايىپ تاغ مەنزىرىسى مېنىڭ ئەن-
دىشىلىرىمنى ئۇنتۇلدۇراتتى. بۇ تاغلار تاقىر تاغ بول-
سىمۇ بىز قومۇلدا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان تاغلارغا
پەقەت ئوخشىمايتتى. مۇنداق دېسەم، سىز ھەيران قال-
غۇدەك ئۇنچىۋالا ھەيۋەتلىك، دائىرىسى كەڭ، ئېگىز
چوققىمۇ يوق، ھەممىسىلا پاكار - پاكار، خۇددى كىشى-
لەرنىڭ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ياساپ قويغاندەك تاغ
مەنزىرىلىرى ئىدى. بەزىلىرى بۇددا مۇنارلىرىغا، بەزى-
لىرى تاغ چوققىسىدا ئولتۇرغان بۈركۈتكە، بەزى يەر-
لىرى قاتار - قاتار كېمىر ئۆيلەرگە ئوخشايتتى. مانا
مۇشۇ خەتەرلىك تاغ يولىدا مېڭىۋېتىپ سېرىق ئۇيغۇر-
لارنىڭ نېمىشقا پەقەت سۇنەن تەۋەسىدىلا ساقلىنىپ
قالالىغانلىقىغا ئۆزۈمچە جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم. ھا-
زىرقىدەك زامانىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرى بولمىغان زا-
مانلاردا بۇ مۇساپىنى ئات - ئۇلاغلار بىلەن ھەپتە
كۈنىسىز بېسىپ بولۇش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ھېچكىممۇ ئۈستىدىن قاغا - قۇزغۇنمۇ ئۆتمەي-
دىغان بۇ ئۇزۇن تاغنى ئاتلاپ سۇنەنگە بېرىشى مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆز
مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن بۇ جاپا - مۇشەققەتلىك يولنى
تاللاپ، مۇداپىئەلىنىشكە ئوڭاي سۇنەن تەۋەسىگە كەت-
كەن بولسا كېرەك. ئىككى سائەتلىك مۇساپىنى تاغ
مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلغاچ، ھەش - پەش دېگۈچە
سۇنەن ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. ناھىيە بازىرىغا
كىرىشكە ئاز قالغاندا يېغىشقا باشلىغان يامغۇر ئاپتو-
بۇستىن چۈشۈشكىمۇ ئىمكان بەرمەي ئەدەپ كەتتى.
يامغۇرنى قۇت بەلگىسى، دەپ قاراش بىزگە ئورتاق
ئۇدۇم بولغاچقا، دەماللىققا كىرىدىغان تۈشۈكىمىزنى تا-
پالماي قالغان بولساقمۇ، كۆڭلىمىز توق ئىدى. ئۇزاق
ئۆتمەيلا يامغۇرمۇ توختىدى. پاھ! بۇلۇتلار تارقاپ ھاۋا
ئېچىلغاندىن كېيىن سۇنەن بازىرى شۇنچىلىك گۈزەل
تۇسكە كىردىكى، قومۇلدا يازىچە جان - جېنىمىزدىن
ئۆتۈپ كەتكەن تىنجىق، ئىسسىق ئازابى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇلۇپ كەتتى. يامغۇردىن كېيىنكى سۈزۈك ئاسمان،
تەنگە راھەت بېغىشلايدىغان غۇر - غۇر مەيىن شامال،
تۆت ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان ياپيېشىل ھەيۋەتلىك
تاغلار كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئاراتۈرك ناھىيە
بازىرىدىن سەل - پەللا چوڭ سۇنەن ناھىيە بازىرى
تۆت ئەتراپى گۈزەل تاغلار بىلەن قورشالغان، يازنىڭ
پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا پاناھلىنىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك

ئېسىل جاي ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھىيە بازىرىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتكەن ساقسىغول (خەنزۇچە لوڭچاڭخې دەرياسىنى سېرىق ئۇيغۇرلار ساقسىغول، بەزىدە لوڭسارغول دەپ ئاتايدىكەن، ھەتتا سۇنەننى ساقىس، سۇنەنلىكنى ساقسىلىق دەپ ئاتايدىكەن) دەرياسى ناھىيە ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ سۇنەننى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ كۆركى، دېگىنى بىكار ئەمەسكەن. سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىمۇ ئەمدىلا ئاخىرلاشقاچقا، كوچا ۋە بىنالارغا ئېسىلغان رەڭدار پىلاكات ۋە لوزۇنكىلارمۇ بازارغا باشقىچە تۈس بەرگەندى.

سۇنەنگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە ئاللىقاچان كۈن قىيىلىپ بولغانىدى. ساقسىغول بويىغا جايلاشقان بىڭخې مېھمانخانىسىغا جايلاشقىنىمىزدىن كېيىن، بىز ئىزدىمەكچى بولغان ئاتاقلىق يۇغۇر تارىخچىسى، يازغۇچى تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدۇق. تۆمۈر ئەپەندى يۇغۇرلار ھەققىدە ئىشلىنىدىغان بىر تېلېۋىزىيە فىلىمى مۇناسىۋىتى بىلەن يايلاققا چىقىپ كەتكەچكە، ئايالى گېرىل(موڭغۇل) خانىم ھايال ئۆتمەيلا يېتىپ كەلدى.



يېشى قىرقلارغا تاقاپ قالغان گېرىل خانىم ئۆزى باشقا ساھەدە خىزمەت قىلسىمۇ، يۇغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىنلا خېلى ياخشى خەۋىرى بار ئىكەن. بىز ئۇچراشماقچى بولغان باشقا مۇناسىۋەتلىك يۇغۇر كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېيتقىنىمىزدا، ئۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزگە ۋاكالەتەن ئۇلارغا تېلېفون قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدە ئىشلىسىمۇ ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ھەر دائىم پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان خې جۈنچىڭ خانىم يېتىپ كەلدى ھەمدە بىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى، قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ياردەمنى ئايىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇردى.



بىز ئىزدىمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى كىشىلەر بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەل خىزمەت ۋاقتى بولغاچقا، ئىزدىگەن كىشىلەرنى بىردىنلا تاپماق ئاسانغا توختىمىدى. يولبويى ئون نەچچە سائەتلەپ تۈزۈك ئۇخلىماي كەلگەن بولساقمۇ، ئۆز خىراجىتىمىز بىلەن قىسقا مۇددەتلىك پىلان بىلەن كەلگىنىمىز ئۈچۈن، ھېچقايسىمىزنىڭ كاللىسىدا بىردەم ھاردۇق ئېلىۋېلىش ئىستىكى يوق ئىدى. بىز ئۈزۈندىن بېرى تەلپۈنگەن، چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلغان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن قانچە تېز كۆرۈشسەك شۇنچە ياخشى ئىدى. بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالىدىغان ئەر كىشىلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن خې جۈنچىڭ خانىم بىلەن گېرىل خانىم بىزنىڭ يالغۇزلۇقىمىزنى چاندۇرماي مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە

تېلېفون قىلغاچ بىز بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇردى. ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن بىز ئىزدىمەكچى بولغان تو شياۋيۇڭ ئەپەندى (ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى) يېتىپ كەلدى.



ئۆزىمىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئۇ، «مەيلى كىم بولۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر سىلەر بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، ئۇيغۇرنى تەتقىق قىلىشقا كەلگەن ھەرقانداق ئادەمگە داستىخىنىمىز ئوچۇق. يۈرۈڭلار، تاماق يېگەچ مۇڭدىشىمىز» دەپ رېستورانغا تاماققا باشلىدى. تاماققا مېڭىشتىن ئىلگىرى گېرىل، خې جۈنچىڭ خانىملارغا ئاددىي بولسىمۇ دوپپا تەقدىم قىلدۇق، تو شياۋيۇڭ ئەپەندىگىمۇ قولدا ئىنتايىن سىپتا تىكىلگەن قومۇل دوپپىسىدىن بىرنى، ئۆزۈم ئالاھىدە تەييارلىغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ 70 ـ يىللاردا تاشكەنتتە رەتلەنگەن نۇسخىسىدىن بىر يۈرۈشنى، «قومۇل 12 مۇقامى»نىڭ كۆچۈرمىسىدىن بىر يۈرۈشنى، «قومۇل نەزمىلىرى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى» ناملىق كىتاب، ئۇنىئالغۇ لېنتىسى ۋە پلاستىنكىلارنى تەقدىم قىلدۇق. ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىسى تېگەر دېگەن تىلەك بىلەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قومۇل شېۋىسى» ناملىق كىتابتىن تۆتنى تو شياۋيۇڭ ئەپەندى ئارقىلىق ناھىيىلىك كۇتۇپخانىغا تەقدىم قىلدۇق. تو شياۋيۇڭ ئەپەندى نەق مەيداندىلا بۇ قىممەتلىك سوۋغىلاردىن ئالەمچە سۆيۈنگەنلىكى، بۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت، سەنئىتىنى تىرىلدۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشقا بەك ئەسقېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇستى ـ ئۇستىگە رەھمەت ئېيتتى. دىلمۇرات تەلئەتمۇ ئۆزىنىڭ خەنزۇچە «قۇملۇق روھى» نامىلىق شېئىرلار توپلىمىدىن بىرنى ھەدىيە قىلدى.

زىيالىي دېگەن يەنىلا زىيالىيدە، قىلچە ئەمەلدارلىق كېبىرى يوق تو شياۋيۇڭ ئەپەندى رېستورانغا كىرىشتىن ئىلگىرىلا: «خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ مۇسۇلمانچە رېستوران دەپ كۆڭلىمىزدىكى شەكنى بىردىنلا كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ ئادەتتىكى بىر ۋاق غىزالىنىش بولماستىن بەلكى ئۆمردە ئەسلا دىدارلىشىپ باقمىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ بىزنىڭ شەرىپىمىزگە بەرگەن زىياپىتى ئىدى. گۆشنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئون تۈرلۈك تامىقىنىڭ يەتتىسىنىڭ گۆش بولۇپ چىقىشى، بىزنى تەۋەززۇ ۋە ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن تاماققا تەكلىپ قىلىشى، ھەر بىر تائام ئالدىدىن ئۇيغۇرچە يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ، مېھمانلار شەرىپىگە ھاراق تۇتۇشى، ئارىمىزدىكى 900 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈپ تاشلىدى. سورۇندا بىز تۆتەيلەندىن باشقا ساھىبخان تو شياۋيۇڭ ئەپەندى، گېرىل خانىم، خې جۈنچىڭ خانىم، ئۆزى سەھىيە ئىدارىسىدە ئىشلىسىمۇ لېكىن ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىشقا بېغىشلىغان، چىرايىدىن ئانىلىق مېھرى يېغىپ تۇرىدىغان ئەن يۈلىڭ ئاچا ۋە بىر زاڭزۇ يىگىتى بار ئىدى. زىياپەت سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قىزغىن سۆھبەتكە كۆچكەندىن كېيىن، ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى تېخىمۇ بىلىنىشكە باشلىدى. تو شياۋيۇڭ ئەپەندى بىر مەمۇرىي خادىم بولسىمۇ، قىلچە كېبىرى يوق، چىقىشقاق، مۇڭداشقاق، ئوچۇق مىجەزلىك كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ يوقلىپ كېتىش گىردابىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ

MIRAS

قايغۇسىنى قىلىپ سۆزلىگەن سۆزلىرى، ئانا تىلى يۇ-
غۇرچىدىن قاتتىق پەخىرلىنىشى؛ بىۋاستە ئىلمىي تەتقى-
قات بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ، زىيالىيلارنىڭ قەلبىنى چۇ-
شىنىشى ۋە ئۇلارغا ھامىي بولۇشى، يـۇغـۇر تـارىـخى
ھەققىدىمۇ نۇرغۇن ئىلمىي ساۋاتلارغا ئىگـە بـولـۇشى
بىزنى سۆيۈندۈردى. خەنزۇ تىلىنىڭ مائارىپ ۋە ئىجتى-
مائىي ئالاقە ئارقىلىق يۇغۇرلار ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ
كىرىشى سەۋەبلىك پاراڭلىرىمىز پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا
بولدى. سورۇندىكى ئۈچ سېرىق ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسىلا
يۇغۇرچىنى بىلسىمۇ، بىۋاستە ئانا تىلىمىزدا پىكىر ئال-
ماشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇق. سەۋەبى، بىز سۆزلەۋاتقان
ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنىڭ زور سال-
ماقنى ئىگىلىشى، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى مىڭ يىللار ئىلگى-
رىكى ئىپتىدائىيلىق ۋە زاگزۇ، موڭغۇل تىللىرىدىن سۆز
قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن مۇرەككەپلىك
ئارىمىزنى خېلىلا يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ھەر ئىككى
تەرەپكە ئورتاق ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەر چىققىنىدا ئۇ-
لارمۇ، بىزمۇ خۇشال بولۇپ، قېرىنداشلىق تۇيغۇسـىغـا
چۆمۈلەتتۇق. خۇشاللىنارلىق يېرى شۇكى، مەيلى قانداق
سورۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مېھمان شەرىپىگە تۇتۇ-
لىدىغان جۇڭزا (قەدەھ) ناخشىسى شەرتسىز يۇغۇر تىلىدا
ئېيتىلاتتى. يۇغۇرچە ناخشىلاردا ئاساسەن كېچىن (مېھ-
مان)لەرنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقى، ئۇلارنى يۇغۇر
ئېلىگە يەنە كېلىشكە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىدەك مەزمۇنلار
ئىپادىلەنگەنىدى. بىز قىزىققان يەنە بىر نۇقتا ئۇلاردىكى
خەنزۇچە فامىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بولدى. تو ش-
ياۋيۇڭ ئەپەندىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ توخسى قەبىلىسىدىن بولغاچقا، 1958 - يىلىدىكى
سولچىل سىياسەتنىڭ بېسىمى بىلەن پۈتۈن قەبىلە بويى-
چە خەنزۇچە « 妥 » خېتىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلغان-
كەن. توخسى قەبىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دې-
گۈدەك مۇشۇ «تو» فامىلىسىنى قوللىنىدىكـەن. ئـەن
يۈلىڭ ئاچا بولسا «ئەنجاڭ» قەبىلىسىدىن، خې جۈن-
چىلىڭ خانىم خولاگغار قەبىلىسىدىن ئىكەن. زىيادە تـە
خۇشاللىقتىن ناخشا ئېيتمىغان بىرمۇ كىشى قالـمـىـدى.
ھەتتا زاگزۇ يىگىتمۇ جۇشقۇن زاگزۇچە ناخشـىـلارنى

ئېيتقان بولدى. تۆت سائەتكە يېقىن داۋاملاشقان كۆ-
ڭۈللۈك سۆھبەتتە بىر - بىرىمىزگە قېنىشماي ۋاقىت ئې-
تىبارى بىلەن ئامالسىز تارقاشقا مەجبۇر بولدۇق. كەمتەر
توشياۋيۈڭ ئەپەندى ئايالى ۋە بالىسىنى ئېلىپ بىزنى
ياتاقىچە ئۇزىتىپ كەلدى.

### يۇغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

1950 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەمسىتىش
مەنىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ناملىرى ۋە يەر ناملىرى
ئۆزگەرتىلگەندە، يۇغۇرلارنىڭ ئاقساقـلـى ئـەن گـۈەن
بۇشقانىڭ تەكلىپى بىلەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بېرى
ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ھاقارەتلىك نام ئورنـىـغـا سـارىغ
ئۇيغۇر （撒里维吾尔） دېگەن نام دەسستـلـگـەن.
1954 - يىلى چىلەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە جيۇچۈەن
ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك سارىغ ئۇيـغـۇر
ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان. مەركەز سارىغ ئۇيغۇر نامىنىڭ
خەنزۇچە يېزىلىشىنى تەستىقلىغان بولسىمۇ، چـىـگـخـەي
ئۆلكىسى تەۋەسىدىمۇ بىر چىلەن ناھىيىسىنىڭ بارلىقى،
شۇڭا ئاپتونوم رايون نامىنى قايتا بېكىتىش زۆرۈرلۈكىنى
ئەسكەرتكەن. نەتىجىدە ئاپتونوم رايون جايلاشقان جاي
سۇجۇ (سۇكچى)نىڭ جەنۇبىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن
« سۇنەن» دەپ بېكىتىلگەن. بىراق، مىللەت نامـىـنى
بېكىتىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كۆرۈلگەن يەنى «سا-
رىغ ئۇيغۇر» دەپ بېكىتىش ئەقىلغا مۇۋاپىق بولسىمۇ،
«سارىغ» سۆزىنىڭ ئىنىقلىغۇچى سۆز ئىكەنلىكى، ئۇ-
نىڭ ئۇستىگە شەرقىي ۋە غەربىي سارىغ ئۇيغۇرلار تى-
لىدا بۇ سۆزنىڭ پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى، بۇنى
خەنزۇ تىلىدا بىر خىل ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەسلىكى؛
شىنجاڭدىمۇ «ئۇيغۇر» نامىنىڭ بارلىقى، ئېتىقات جە-
ھەتتە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقى، شۇڭا ئوقۇشماسلىقنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر نامىنىمۇ قوللىنىش - -
قوللانماسلىق مەسىلىسىدە قاتتىق دە تالاش بولـغـان.
بىراق، ئەقىلغا مۇۋاپىق تەكلىپ قويۇلمىغان. شـۇنـىڭ
بىلەن غەربىي شىمال بيۇروسىدىن چۇ دايۈەن بىلەن
يۇغۇر ۋەكىل ئەن جىنچاۋ كېڭىشىش ئارقىلىق «باياشات
ۋە مۇستەھكەم» مەنىسىنى بېرىـدىـغـان « 裕固 »
سۆزلىرىنى مىللەت نامى قىلىپ بېكىتىش، خەنزۇ تىلىنىڭ

2004.6

قانۇنىيىتى بويىچە « 尔 » خېتىنى قىسقارتىش تەكلىپى بېرىلگەن، شۇنداق قىلىپ مىڭ يىلدىن بېرى خەنزۇچە ھەرخىل يېزىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئەسلى ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزىغا يېقىن بولغان ئۇيغۇر ( 维吾尔 ) خېتى، بىراقلا ئىككى ئادەمنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگىرىپ، ئەسلى ماھىيىتىدىن چەتنەپ كەتكەن. 1954 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان چاغدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 3499 بولۇپ، ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلغان. 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئاپتونوم ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئەسلىدىكى تەۋەلىكىمۇ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىن جاڭيې ۋىلايىتىگە ئايرىپ بېرىلگەن. ناھىيە جەمئىي 16 رايون، 23 يېزىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يەر مەيدانى 23مىڭ 430 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە يۇغۇرلاردىن باشقا زاڭزۇ، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار. يۇغۇرلارنىڭ 1990 ـ يىلىدىكى نوپۇسى 13 مىڭ، 2004 ـ يىلىدىكى نوپۇسى 17 مىڭ بولۇپ، 2000 دىن ئارتۇق كىشى سۇكچى شەھىرىنىڭ خۇاڭنىباۋ يۇغۇر ئاپتونوم يېزىسىدا، بىر قىسمى چىڭخەي ئۆلكىسى ۋە قومۇل شەھىرىنىڭ بۇلۇڭتوغراق يېزىسىدا ياشايدۇ.

يۇغۇرلار ئەسلىدە قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلق بولسىمۇ، كېيىنكى ئۇزاق ئېتنىك تەرەققىيات جەريانىدا بىر قىسىم خەلق موڭغۇل تىلىنىڭ ئېنگېر شېۋىسىدە سۆزلەيدىغان بولغان. ئېنگىر شېۋىسى موڭغۇللار ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك قەبىلە سۆزلىشىدىغان تىل بولۇپ، بۇ تىلدا سۆزلەيدىغان شەرقىي يۇغۇرلارنىڭ تىلىنى موڭغۇللار تولۇق چۈشىنەلەيدىكەن، بىراق، شەرقىي يۇغۇرلار موڭغۇل ئەدەبىي تىلىنى پەقەت 50 پىرسەنت چۈشىنەلەيدىكەن. دېمەك، شەرقىي يۇغۇر تىلى ئىنتايىن ساددىلاشقان، موڭغۇل ئەدەبىي تىلىدىن يىراقلاشقان بىر شېۋە بولۇپ، ھازىرقى ئاتاقلىق يۇغۇر تارىخچىسى، يازغۇچى، ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان تۆمۈر ئەپەندى قاتارلىق زىيالىيلار مۇشۇ موڭغۇل شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلارنىڭ ۋەكىلى ئىكەن.



موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلار شەرقىي يۇغۇرلار، ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلار غەربىي يۇغۇرلار دەپ ئاتىلىدۇ. يۇغۇرلار تىل ئايرىمچىلىقى تۈپەيلى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا «يۇغۇر» دېگەن ئورتاق تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، ئۆز مىللىتىدىن سۆيۈنۈپ ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ.

20 ـ ئاۋغۇست ئەتىگەن تەرەپتە بىز بېرىشنى كۆزلىگەن يۇغۇر يېزىلىرىنىڭ ئارىلىقى يىراق، قاتناش قۇلايسىز بولغاچقا، ئاساسەن ناھىيە بازىرىنى ۋە ساقسغول دەرياسىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. ھەيران قالارلىق نەرسە شۇكى، ئاشخانىدا ۋە كوچىدا قاڭشارلىق، قاش ۋە بۇرۇتلىرى قويۇق، قوش قاپاقلىق كېلىشكەن يىگىتلەرنى ئۇچرىتىپ، شىنجاڭدىن تىجارەت بىلەن كەلگەن ئۇيغۇرلار بولسا كېرەك، دەپ گەپ سورىساق، ئۇيغۇرچىدىن قىلچە خەۋىرى يوق تۇڭگانلار بولۇپ چىقتى. دېمەك، بۇمۇ ئىچكىرىگە كېتىپ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە بېرىلگەن جاۋاب ئىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن خې جۈنچىڭ خانىم بىزنى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ياخشى ساقلاپ كەلگەن بىر يۇغۇر ئائىلىسىگە باشلاپ كىردى.

MIRAS

ئاددىيغىنا كېسەك ئۆيگە كىرىشىمىزگە 74 ياشقا كىرگەن
تېتىك، خۇشخۇي موماي بىزنى خۇشاللىق بىلەن ئۆ-
يىگە باشلىدى. موماي هايال ئۆتمەيلا ئالدىمىزغا قو-
يۇق ئەتكەنچاي ۋە كۆمزە (كۆمەچ نان) كەلتۈردى.
هەر بىر چىنە ئۇستىگە بىردىن چوكا قويۇلغان ئىكەن.
بىز بۇنى يۇغۇرلارنىڭ بىرەر ئۆدۇمغا مۇناسىۋەتلىك
قائىدىسى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدۇق. ئەسلىدە
تالقان ئۇستىگە ئەتكەنچاي قۇيۇلغان بولۇپ، چوكىلار
تالقاننى ئىلەشتۇرۇپ ئىچىش ئۈچۈن قويۇلغان ئىكەن.
ئەتكەنچاي ئۇستىگە يەنە سېرىق ياغ سېلىنغانىدى.
تالقان تەركىبىدە ئېرىمچىكمۇ بار ئىدى. قومۇل تاغ-
لىقلىرىدا تا هازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەتنى
كۆرۈپ هەممىمىزلا هەيران قالدۇق. بىزنىڭ كېلىش
مەقسىتىمىزنى ئۇققان موماي دەررۇ ئۆزى ئەجىر قىلىپ
تىككەن يۇغۇرچە كىيىملەرنى كىيىپ ئالدىمىزغا چىقە-
ۋېدى، كۆز ئالدىمىزدا باشقىچە بىر دۇنيا نامايان
بولغاندەك بولدى. بوۋايمۇ يۇغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى
مىللىي تونىنى كىيىپ چىقتى.



78 ياشقا كىرگەن بوۋاي كەم سۆز، ئېغىر بېسىق،
تەقۋادار كىشى بولۇپ، بىزنى كۈتۈش ئىشلىرىغا پۈتۈن-
لەي موماي مەسئۇل بولدى. موماي هەتتا هاراقنىمۇ
ئۆز قولى بىلەن قۇيۇپ، شۇنچىلىك چىرايلىق، زىل
يۇغۇرچە ناخشىسى بىلەن هەممىمىزگە بىر باشتىن قەدەھ
تۇتۇپ چىقتى. بىر ئادەمگە بىر يولى تۆت قەدەھ هاراق
تۇتۇلىدىكەن هەم هەر بىر ئادەمگە قەدەھ بىلەن تەڭ
ئايرىم ناخشا ئوقۇلىدىكەن. خې جۇنچىڭ خىزمەت ۋاقتى
توشۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئالدىن مېڭىپ كەتتى.
موماي يۇغۇرلارنىڭ دۇمەن (تۇمەن) قەبىلىسىدىن بو-
لۇپ، خەنزۇچە ئىسمى دۇگۇيىڭ، يۇغۇرچە ئىسمى (-
ئەمەلىيەتتە زاڭزۇچە دىنىي ئىسىم) لاموسېرىڭ ئىدى.
بوۋاي ئەنجاڭ قەبىلىسىدىن بولۇپ، خەنزۇچە ئىسمى
ئەن تيەنلۇ، يۇغۇرچە ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ.
موماي - بوۋاي بىزنىڭ تەلىپىمىز بويىچە يۇغۇرچە
سۆزلەشنى ئاساس قىلدى. داستىخان ئۇستىدىكى تەكەل-
لۇپ سۆزلىرى مەسىلەن: يە، ئىچ، چاي، سۈت، تالقان،
ئاراق (هاراق)، لوڭقا (بوتۇلكا)، گادۇرا (غېدىر چىنا)،
ئالما، ئۈجۈم (ئۈزۈم)، قون (قوغۇن، تاۋۇز) دېگەندەك
سۆزلەر ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. موماي كىيگەن مىللىي
كىيىمنىڭ هەر بىر بۆلەكلىرىگىچە خاس ئاتالغۇلىرىنى
دەپ بەرگەن بولسىمۇ لېكىن، بۇ تىلدىكى تاۋۇشلارنى
ئېنىق ئاڭلىيالماسلىقىمىز، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ ئۇيغۇر-
چىغا ئۇدۇللاشتۇرالمىغانلىقىمىز سەۋەبلىك ئېنىق خاتىرە
قالدۇرالمىدۇق. پەقەت كىيىم (يۇغۇرچە گېزگى) گە
زىننەت سۈپىتىدە تۇتۇلغان كۆك چەش تاشلارنى يۇ-
غۇرلار ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا ناهايىتى ئەتىۋارلىق بۇ-
يۇم دەپ سانايدىكەن. هەتتا باللىرىغىمۇ ئايدىڭجىس
(ئايدىڭ چەش)، قۇرغۇيجىس (قۇرغۇيچەش)، مىجاجىس
(كىچىك چەش) دەپ ئات قويىدىكەن. بۇ قېتىمقى سە-
پىرىمىز مۇنتىزىم بىرەر تەتقىقات پىلانى بىلەن ئەمەس،
يۇغۇر قېرىنداشلارنى كۆرۈپ كېلىش، ئۇلار بىلەن
دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىش بولغىنى ئۈچۈن، موماي،
بوۋايدىن سورىغان سوئاللىرىمىزمۇ ئانچە تەرتىپلىك
بولماي قالدى. قانداقلا بولمىسۇن كۆزىمىزگە كۆرۈن-

گەنلىكى نەرسىنىڭ يۇغۇرچىسىنى سورىدۇق. شۇنداق
قىلىپ يۇغۇر تىلى ھەققىدىمۇ ئاز ـ تولا ساۋاتلىق بو-
لۇپ قالدۇق. ئوچۇق ـ يورۇق، سۆزمەن موماي بىزنى
بىر تەرەپتىن نان، چايغا زورلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن
ھاراق تۇتۇپ ناخشا ئېيتىپ بىزنى ئۆزىگە ئەسىر قىلى-
ۋالدى. ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتى-
مىز. قايتىش ئالدىدىن لامو سېرىك ئاننى ھېلىقى چې-
رايلىق يۇغۇرچە ناخشىلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ
بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق، بۇ قېتىم قائىدىدە سەل
كەتكۈزگەن ئىكەنمىز، موماي لوڭقا تېگىدە ئازراق قالغان
ھاراقنى تاشلاپ، يەنە بىر لوڭقا ھاراق كۆتۈرۈپ چىقتى،
ئەسلىدە ھاراق ناخشىسى يېڭى، ئىچىلمىغان لوڭقىدىن
باشلىنىدىكەن، خاتا قىلغانلىقىمىزدىن ئەپۇ سوراپ، لوڭ-
قىنى ئىچىشقا قويمىدۇق، لېكىن مومايمۇ بىزنىڭ كۆڭلى-
مىزنى قەتئىي يەردە قويغۇسى كەلمىدى ۋە شۇنداق
چەبدەسلىك بىلەن ئاپئاق خادا (يۇغۇرچە بىلىگ) ئېلىپ
چىقىپ، بىزنى قايتا سۇنەنگە تەكلىپ قىلىش مەزمۇنىدىكى
تەسىرلىك ناخشىلىرى بىلەن ھەر بىرىمىزنىڭ بوينىغا
بىردىن بىلىگ ئارتتى. ھاياجاندىن نېمە قىلىشىمىز، نېمە
دېيىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان
مومايىنىڭ چاناقلىرىدا ياش ئەگىشكە باشلىغانىدى. بىز
پەقەت «بىز سىزنى سۇنەندىكى ئانىمىز دەپ بىلىمىز،
سىز بىزنى شىنجاڭدىكى بالىلىرىم دەپ تونۇسىڭىز بول-
دۇ، سىلەر نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى تەلپۈنگەن شىجى ـ
خاجى يىراق ئەمەس، بېرىڭلار، ئەڭ ئالدى بىلەن باش
بېكەت قومۇلغا بېرىڭلار، سىلەرنى ھەر زامان قارشى ئا-
لىمىز» دېگەندەك ئىزگۈ تىلەكلىرىمىزنى ئېيتىپ مېڭىشقا
تەمشىلىۋىدۇق، موماي «ياق، ئولتۇرۇڭلار، تاماق ئېتى-
مەن، تاماق (سېمېن) يەڭلار، قۇرۇق كەتسەڭلار بولماي-
دۇ» دەپ ناھايىتى قاتتىق تۇتتى. يۇغۇرلارنىڭ سۇتچاي،
تالقان، كۆمزەدىن باشقا نېمە تائاملار يەيدىغانلىقىنى بىل-
گۈمىز كەلگەن بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست مو-
مايىنى يەنە ئاۋارە قىلىشقا قەتئىي كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى.
ئۇستى ـ ئۇستىگە ئۇيغۇرچىلاپ «رەھمەت» ئېيتتۇق،
لېكىن موماي ـ بوۋاي نېمە دېگىنىمىزنى ئاڭقىرالماي
قالدى، «سىلەر رەھمەتنى يۇغۇرچە نېمە دەيسىلەر» دې-
سەك «جوۋاتتى دەيمىز» دېمەسمۇ، تۆتىمىزنىڭ خۇشال-
لىقتىن بېشىمىز كۆككە يەتتى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەقەت بەزى
شېۋىلىرىدە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ سۆز-
نىڭ يۇغۇر جانلىق تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇشى يۇغۇر-
لارنىڭ قان ـ قېرىنداشىمىز ئىكەنلىكىدەك بۈيۈك بىر
ھەقىقەتنى ئالدىمىزغا تاشلىدى. دېمىسىمۇ، مېھمانىنى جې-
نىدىن ئەزىز بىلىپ بېشىدا كۆتۈرىدىغان ئۇيغۇردا ئىشلى-
تىلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ئەرەبچە سۆز «رەھمەت»-
نىڭ ئۇيغۇرچىسىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
بىزنى خۇشال قىلىدىغان يېڭىلىقلار بۇلارلا ئەمەس.

تائاملارغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرىمىزغا موماي
كۆپرەك گۈرۈچ (سوقپا) كە ئالاقىدار تائاملارنىڭ ئىسمىنى
ئېيتتى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغاچقا، مومايىنىڭ شۇنچە
تۇتقىنىغا قارىماي ئايرىلدۇق. موماي بىزنى تاكى چوڭ
يولغىچە ئۇزىتىپ باردى، موماي كىچىككىنە تار ھويلىسىغا
چىققىنىمىزدا «تاغدا بولغان بولسام قوي سويۇپ بەرگەن
بولاتتىم، مانا قوي تۇگۈل داقاغى (توخۇ) باققىدەك يې-
رىممۇ يوق، يەنە كېلىڭلار، ئوبدان تاماق ئېتىپ مېھمان
قىلىمەن» دەپ بەكمۇ خىجىللىقنى بىلدۈردى. سۇنەنگە
گەرچە قۇرۇق قول بارمىغان بولساقمۇ، لېكىن بۇ ئائىلىگە
قۇرۇق قول كىرىپ قالغىنىمىزغا ئۆزىمىزمۇ ناھايىتى خى-
جىل بولدۇق.



يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئابدۇرېشىت ئەپەندى بىزگە تەۋسىيە قىلغان پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيسى بەي ۋېنشىن ئەپەندىنىمۇ يوقلاپ ئۆتمەكچى بولدۇق. لاموسىرىلىڭ مومىنلىڭ ئۆيىدىن ئىككى يۈز مېتىر ئۈزىمايلا ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىنىمۇ تاپتۇق. يوسۇن دېگەن يەنىلا يوسۇندە، يوغان قاڭالتىر دەرۋازىنى قېقىشىمىزغا ئىچىدىن «كىمسەن؟» دەپ قوپال توۋلاشنىڭ ئورنىغا دەررۇلا 60 نەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بەي ۋېنشىن ئەپەندى چىقىپ كەلدى.

ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى قىسقىلا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىمۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن بىزنى ئۆيىگە باشلىدى. ئۆيلەرنىڭ بېزىلىشى، قۇرۇلمىسى خەنزۇلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىسىمۇ، خېلىلا پاكىز ھەم سەرەمجان ئىدى. بەي ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى يوق ئىكەن. ئۇيغۇرلاردا بەي« 白 » فامىلىلىكلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى ئاق تاتار قەبىلىسىدىن بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغانىكەن. بەي ۋېنشىن ئەپەندى ۋەكىللىكىدىكى «بەي» فامىلىلىكلەر ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا «سىنا» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ «ئاشىنا» قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم، سىنا سۆزىنىڭمۇ ئاق دېگەن مەنىسى بولسا كېرەك. بەي ۋېنشىن ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى سوئاللىرىمىزغا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاپ بەردى. ئۇيغۇرلاردا جەمئىي ئون قەبىلە، 29 ئۇرۇق بار ئىكەن، شۇڭا خەنزۇچە ئۇيغۇر فامىلىلىرىمۇ 29 غا يېتىدىكەن. 杨 (ياغلاقار)، 钟 (چۇڭۇل)، 妥 (توخسى)، 贺 (قولاڭغىت)، 柯 (كالگار)، 白 (ئاق تاتار، بايات، سىنا)، 安 (ئەنجالىڭ)، 郭 (قوڭىرات)، 杜 (دۇمەن)، 郎 (ئۇلاڭ ياكى ئارلاڭ)، 苏 (سۇلدۇس)، 郑 (چىڭگىز)، 常 (چۆمەن ياكى چىگىل)، 兰 (لەنچاق)، 孟 (موڭغۇل)، 孔 (چوڭسا)، 贾 (چارۇق)، 葛 (گېلىك)، 顾 (گۇلڭناخسۇس)، 索 (سوگال)، 耿 (قىرغىز)، 洪 (قۇن)، 左 (چوروس) قاتارلىقلار.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپ، قەدىمىي ھەم يېڭى ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس بولمىسا كېرەك. مۇرەككەپلىكى: تەركىبىدە قىسمەن قىرغىز، تاتار، موڭغۇل ھەتتا تىبەت تەركىبلىرىنىڭ بولۇشى بىلەن ئۆز – ئۆزىدىن مەلۇم. قەدىمىيلىكى: ياغلاقار، چۇڭۇل، چىگىل، توخسى قاتارلىق ئىپتىدائىي ئۇرۇق، قەبىلە ناملىرىنىڭ ساقلىنىشى بىلەن، يېڭىلىقى بولسا كېيىنكى مەزگىللەردىكى چوروس ھەتتا بەزى تىبەت قەبىلە ناملىرىنىڭ ساقلىنىشى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قىسقىغىنا سۆھبەتتىن كېيىن بەي ۋېنشىن ئەپەندىگىمۇ «قومۇل نەزمىلىرى»، «قومۇل شېۋىسى» قاتارلىق كىتاب ۋە مۇقام پلاستىنكىسىنى تەقدىم قىلدۇق. بەي ۋېنشىن ئەپەندىمۇ ئىنتايىن يېقىنچىلىق بىلەن بىزنى تاماققا تۇتقان بولسىمۇ، ۋاقتىمىز ئۇنىڭغا يار بەرمىدى.

ناھىيە بازىرىدىكى ھەممىلا ئۇن تائامنى شاخاردا يۇغۇرۇلغان كالا گۆشى ئۇگرە چۆپىدە ئېتىدىغان مۇسۇلمانچە ئاشخانىدا، كۆڭۈللۈك تەسراتلارنىڭ ئەكسىچە قېنىلىپ تاماق يەۋاتقىنىمىزدا، خې جۇنچىڭ خانىم ئۆزىنىڭ بىزگە ھەمراھ بولۇشقا پۇرسەت چىقىرالمىغانلىقى، شۇڭا ئىنىسىنى بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولۇشقا باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ كىرىپ كەلدى ھەمدە تو شياۋيۇڭ ئەپەندىنىڭ بىزنى دېڭ شياۋپىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قويۇلىدىغان ئويۇنغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

كىنوخانا ئادەمگە لىق تولغانىدى. تاماشىبىنلار ئويۇننىڭ پاتراق باشلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ھەتتا بىر قىسىم تاماشىبىن ئورۇنىنىڭ قىسلىقىدىن ئۆرە تۇرۇپ قالغانىدى. ناھىيە ئاھالىسىنىڭ سەنئەتكە مۇنچىۋالا ھېرىسمەنلىكى ئەمەلىيەتتە سۇنەندە سەنئەتنىڭ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سەنئەتنىڭ ئۇيغۇرلاردىكىدەك ئىجتىمائىيلاشمىغانلىقىدىن ئىكەن. سەنئەت نومۇرلىرىدا ئاساسەن ئۇيغۇر تارىخى ۋە ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى. ئارىلاپ زاڭزۇچە ۋە موڭغۇلچە ناخشا – ئۇسسۇللار ئورۇنلانغان بولسىمۇ، قەلبىمىزدە ئۇيغۇر سەنئىتىنى چۈشىنىش ئىستىكى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇيغۇرچە نومۇرلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلدۇق. ناخشا – ئۇسسۇللار ئالدىن تەييارلىۋېلىنغان ئۈنئالغۇ مۇزىكىلىرىغا ئورۇنلاندى. سەھنىدە ساز چالغان بىرمۇ مۇزىكانتنى كۆرمىدۇق. ئۇيغۇر تارىخىغا بېغىشلانغان «تەڭرىخان» ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتتى. ئۇيغۇر سەنئىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەۋرىشىم، سالماق، توختۇنلۇقى بىلەن باشقا مىللەتلەر سەنئىتىدىن مانا مەن دەپ ئايرىلىپ تۇرىدىكەن. ئويۇن ئاخىرىدا ئارتىسلار بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولغان تو شياۋيۇڭ ئەپەندى ئويۇندىن يېنىپ بىزنىڭ تەسراتلىرىمىزغا ئورتاقلاشتى ۋە ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئۆلكە مىقياسىدا قايتا كۆتۈرۈپ چىقىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

2004.6

ئەسلىدە ئۆز ۋاقتىدا گەنسۇ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ
ئۆلنى يۇغۇر سەنئەتچىلەر تەشكىل قىلغان ھەمدە سەن-
ئەت ساھەسىدە ئۆلكىنىڭ كوزىرى بولغانىكەن. يۇغۇرلار
ئۆتمۈشتە نەي(پۇدىش)نى ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى قىل-
غانىكەن.

ئارىلىقتا خې جۇنچىڭ خانىم ئۇكىسى ئارقىلىق ئۆيىدە
ساقلىنىۋاتقان يۇغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەرەنچە، ئايالچە
كىيىملىرىنى ئالدۇرۇپ كەلدى. ئالاھىدە سەنئەت بىلەن
تىكىلگەن يۇغۇرچە كىيىم ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا چىققاندىن
كېيىن ئۆز جۇلاسىنى تاپتى.



ئەتىسى يەنى 21 ـ ئاۋغۇست سەھەردە توشياۋيۇڭ
ئەپەندىنىڭ ماشىنا ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن شۇ چاغقىچە
كۆرۈشكە تاقىتىمىز تاق بولغان يۇغۇر يېزىلىرىنى كۆ-
رۈشكە ئاتلاندۇق. ناھىيە بازىرىغا ئەڭ يېقىن يېزا ياغلاقار
(خەنزۇچە جيۇسەيگۇ، يەنى كۆرتىلىك جىلغا مەنىسىدە)
يېزىسىغا يېرىم سائەتتىن ئوشۇق ۋاقىتتا يېتىپ كەلدۇق.
يېزا مەركىزىگە كىرىشىمىزگە يول ياقىسىدىكى ھويلا ئال-
دىدا مىللىي كىيىملىرىنى كىيگەن قىز، چوكانلار ۋە بىر
توپ يۇغۇر جامائىتىگە كۆزىمىز چۈشتى. بىرەر مەرىكە
ئۈستىدىن چۈشكىنىمىزگە خۇشال بولۇپ، چىللىمىغان
تويغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن باردۇق. توي باشلىغان بىر
توپ يۇغۇر جامائىتى بىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىمىزنى بىلگەندىن
كېيىن «كەل، كەل، سەن ئاق ئۇيغۇر، بىز سارىغ ئۇيغۇر،
بىر ئۇيغۇر» دەپ ئالدىمىزغا چىقتى.



ھويلىغا كىرگىنىمىزدە ئۇيغۇر ئادىتىدىن ھېچقانچە
پەرقى يوق مەنزىرىنى كۆردۇق. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا
يوغان قازانلار ئېسىلغان، ئىس ـ تۈتەك ھويلىنى بىر
ئالغان، توي ئىگىلىرى پايپېتەك بولۇشقانىدى. ئۇدۇلدى-
كى ئۆيدە بىر توپ ياش ھاراق، تاماكا بۇسلىرى ئىچىدە
توينىڭ كۆركىنى قىلماقتا ئىدى. توي ئىگىلىرى بىزنى
ياندىكى ئۆيگە باشلىدى. كەينىدىنلا داستىخان تارتىلىپ،
قېنىق دەملەنگەن چاي، كۆمزىلەر كەلتۈرۈلدى. ئۈچ ـ
تۆت مويسىپىت كىشى بىزنى چايغا تەكلىپ قىلغاچ، ئۆز-
لىرىنىڭ توي ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ قالغانلىقى،
بىزگە ئۇزاق ھەمراھ بولالمايدىغانلىقى، شۇنداقتىمۇ باشقا
مېھمانلار بىللە تويغا باشتىن ـ ئاياغ قاتنىشىپ بې-
رىشكە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆڭۈل بىلدۈردى.
توي ئىگىسىنى پاراكەندە قىلىشقا كۆڭلىمىز قىيماي، شۇن-
چە تۇتقىنىغا قارىماي باشقا نىشاننى كۆزلەپ توي ئىگە-
لىرى بىلەن خوشلاشتۇق. ھويلىدا شۇنچىلىك ئوماق،
چىرايلىق ئەسلى نەسلىنى يوقاتمىغان تىپىك يۇغۇر بال-
لىرىنى ئۇچراتتۇق. ئەپسۇسكى، ئۇلاردىن پەقەت بىر
پارچىلا سۈرەت تارتىۋېلىشقا ئۈلگۈردۇق.



يۇغۇرلارنىڭ چىراي شەكلىگە قىزىققۇچى ئوقۇرمەنلەر سۈرەتلەردىن ئۆزىگە جاۋاب تاپالايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

تۇشياۋيۇك ئەپەندىنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئالدى بىلەن يېزىلىق پارتكوم ئىشخانىسىغا كىردۇق. يېزا تەۋەسىدە 1200 ئاھالە ياشايدىكەن، بۇنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى يۇغۇرلار تەشكىل قىلىدىكەن. يېزىدا بەش تۈمەن تۇياق چارۋا بار ئىكەن. بۇ خېلىلا ھاللىق يېزا دېگەنلىك ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن تەلىيىمىز تەتۈر كېلىپ، يېزىدىكى چوڭ ياشلىق يۇغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يايلاققا، توي كۆچۈرۈشكە، يەنە بىر قىسمى باخشىلار يىغىلىشىغا كېتىپ قالغاچقا، يېزا چۆلدەرەپ قاپتۇ. مىڭ يىللار ئىلگىرىكى بۇددىزم پائالىيىتىنىڭ ھازىرقى يۇغۇرلار ھاياتىدا قانچىلىك ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىشكە ئوتتەك ئىنتىلگەن بولساقمۇ، لېكىن بۇددىزم يىغىلىشىنىڭ كونكرېت قەيەردە بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆيدىن ئايرىيالماي قالغان سابىق يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ھومبو دونجىپ ئائىلىسىگە كىردۇق. بۇ كىشى بىزگە ئانچە بىر نەرسە دەپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تالقان سېلىنغان قويۇق ئەتكەنچىيى ئۈستى ـ ئۈستىگە قۇيۇلۇپ تۇردى. ئەمەلدارلىق كېبىرىدىن تېخى چۈشمىگەن بۇ كىشى ئۆز خەلقى ھەققىدە تۈزۈك بىر نەرسە دەپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈستىگە سورىغان سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىشكە ئۇمتۇلۇپ تۇرغان ئايالىنىمۇ مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن گەپكە ئارىلاشتۇرماي قويدى. ماقال ـ تەمسىل دېگەن سۆزنى ئۇقتۇرالماي خېلىلا ئاۋارە بولدۇق. ئاخىرى خەنزۇچىسىنى يېزىپ كۆرسەتكىنىمىزدە ھەر ئىككىسىلا ساۋاتسىز بولۇپ چىقتى: «بىتىك تانىماس تۇرو» (خەت تونۇمايمىز) دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇ چاغقىچە مەن چۈشەنگەن يۇغۇر تىلى شۇنچە قەدىمىي تىل ئېلېمېنتلىرىنى ساقلاپ قاپتىيۇ، لېكىن جۈملە ۋە بارلىق ئىپادىلەش شەكىللىرى ئاددىيلىشىپ، تىلنىڭ «سەن»دىن باشقا ھېچقانداق سىپايە شەكلى قالمىغان. ئۆزلىرى، سىلىنىغۇ ئەسلا بىلمەيدۇ، ھەتتا «سىز»لەپ سوئال سورىسىڭىزمۇ ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە «سەن» لىشىدىغان قومۇل قارا دۆۋىلىكلەردىن نېمە پەرقى. قومۇل تاغلىقلىرىدىمۇ سىپايە سۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى «سىز» بىلەن چەكلىنىدۇ.

ھومبو دونجىپ داستىخاندىن ئايرىلىشىغا ئىچى ماقال ـ تەمسىل، تېپىشماق بىلەن تىنىغان موماي بىزنى نۇرغۇن تېپىشماق ۋە ماقال ـ تەمسىل بىلەن تەمىنلىدى. ئۈستەۋىشىغا شۇنچە ئاددىي كىيىنگەن بۇ مومايىنىڭ ئىچىنىڭ دەريا ئىكەنلىكىنى كىممۇ بىلسۇن. بىزنى قۇرۇق ئۇزىتىپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان موماي بىردەمدە بىر لوڭقا ھاراقنى ئەپچىقىپ، يۇغۇرچە ناخشىلىرى بىلەن بىزگە گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى. دەسلەپتە تۈزۈك بىر نەرسە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىزدىن ئازراق ئۆكۈنگەن بولساقمۇ، مومايىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى، سۆزمەنلىكى بىزنى خېلىلا رازى قىلدى. ناخشىلىرىنى ۋە بىردىن يۈزگىچە بولغان يۇغۇرچە ساناقنى ئۈنئالغۇغا ئالدۇق. بىردىن ئونغىچە سانلار ئۇيغۇرچىغا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئوندىن ئۆتكەنلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردە ئىشلىتىلگەن ساناقنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

بۇ ئۆيدىن چىقىپ كوچىغا چىقىشىمىزغا يولنىڭ ئۇ

2004.6

قېتىدا ھاسا تاياق تايانغان، بېشىغا سېرىق شەپكە كىيگەن
بىر موماي كېتىپ بارغانىكەن. چاقىرىپ توختىتىۋالدۇق.
چوڭ ياشلىق مومايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك مەدە-
نىيەت ئىنقىلابىدا مودا بولغان كۆرۈمسىز سېرىق شەپكە
كىيىشى بىزگە يوچۇن تۇيۇلدى. موماي بۇ يەرنىڭ يۇ-
غۇرچە نامىنىڭ ياغلاقار دېيىلىدىغانلىقى، قەبىلىنىڭ ئو-
تاق، بىر قەبىلە كىشىلىرىنىڭ بىر ئۇيلۇق، قوشنىنىڭ ئا-
غىللىق، ھاسىنىڭ چوماق، ماشىنىنىڭ تېرگىن دېيىلىدى-
غانلىقى ھەمدە ئادەم ئىزالىرىنىڭ ساپ يۇغۇرچە ناملىرىنى
ئېيتىپ بەردى. موماي شۇنچە ياشنىپ قالغانلىقىغا قارى-
ماي ئارىمىزدىن بىرەيلەن سۇنغان تاماكىنى (يۇغۇرچە
تۇتېن) تۇزۇت قىلمايلا ئېلىپ چەكتى. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ
بىز چۈشىنىشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا ئىدى. بىراق، بىر
ئادەمنىڭ بىلگىنىنى يەنە بىر ئادەمنىڭ تولۇقلىشىغا توغرا
كېلەتتى، بىزمۇ شۇندىلا قانائەت ھاسىل قىلغان بولاتتۇق.
قىزنىڭ ئۆيىگە ماڭغان مومايىنى ئۇزاق تۇتۇۋېلىشقا بول-
مايتتى.

سۆزمەن، بىلىمدان مويسىپىت يۇغۇرلار تېپىلىپ
قالارمۇ، دېگەن ئۈمىدتە ماشىنىنى ئۇدۇل يايلاققا تارت-
تۇق. ئوت ـ چۆپلەر سارغىيىشقا باشلىغان بولسىمۇ، پا-
يانسىز يايلاق، ئېگىز ـ پەس چوققىلار يۇرتقا باشقىچە
ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. چارۋىچىلار يايلاققا جىق ئىچ-
كىرىلەپ كەتكەچكە، بىر ـ ئىككى ئائىلىك يۇغۇردىن
باشقا تۇزۇك جامائەتنى ئۇچرىتالمىدۇق. تەۋەككۇل
دەپ كىرگەن ئۆيىمىز ئوخشاشلا يۇغۇر ئائىلىسى بول-
سىمۇ، لېكىن موڭغۇل شېۋىسىدە سۆزلەيدىغان يۇغۇرلار
بولۇپ چىقتى. كىشىگە ياتسىراپ قارايدىغان بۇ يۇغۇرلار
غەربىي يۇغۇرلاردەك بەك ئوچۇق مىجەزلىك بولمىسى-
مۇ، دەررۇلا نان، چاي كەلتۈرۈپ مېھمانغا كەڭ قۇچاق
ئاچىدىغان، تىلىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئادىتىنى يوقاتمى-
غان بۇ يۇغۇرلاردىن ئىختىيارسىز سۆيۈنگۈڭىز كېلەتتى.
ئۆيدىكى چوڭ ياشلىق موماي گەرچە شەرقىي يۇغۇر-
لارنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ، لېكىن كېلىپ چىقىشى غەربىي
يۇغۇرمۇ، ئەيتاۋۇر سورىغان سوئاللىرىمىز «قۇلاق
ئاڭلاماس تۇرو» (قۇلىقىم ئاڭلىمايدۇ) دەپلا ھەممە
سوئالغا بىر يولى جاۋاب بېرىۋەتتى.

ئەسلىدە ئۆز ھېسابىمىزغا بولسىمۇ بىرەر قوينى سو-
يۇپ ھۇزۇرلانغاچ، يۇغۇرلار تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق
ئىگىلىك شەكلى بولغان چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن يې-
قىندىن تونۇشۇش، چارۋا ـ مال ئەزالىرىنىڭ يۇغۇرچە
ناملىرىنى ئېنىقلىۋېلىش ئىستىكىمىز بار ئىدى. بىراق،
شوپۇرنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن بۇ ئارزۇيىمىزمۇ يېتەلمىدۇق.
يەنە ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىپ بازار ئەتراپىغا كېلىپ
يەرلەشكەن سېرىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدۇق.
ئەسلىدىكى تەبىئىي يېزا جامائەتچىلىكىدىن ئايرىلغان بۇ
كىشىلەرنىڭ بىلىدىغىنىمۇ بىزنى قانائەتلەندۈرەلمىدى.

سۇنەنگە كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەن
زاڭزۇ تېبابىتىگە كۆرۈنۈش ئارزۇسى بىلەن سۇنەن ناھى-
يىلىك مىللىي شىپاخانىغا باردۇق. يۇغۇرلاردا ئېم(دورا)،
ئېمچى(تېۋىپ) دېگەندەك قەدىمىي ئاتالغۇلار ساقلىنىپ
قالغان بولسىمۇ، تېبابەت ئۆز ئالدىغا بىر ئىلىم سۈپىتىدە
شەكىللىنەلمىگەچكە، شىپاخانا زاڭزۇ تېبابىتى بىلەن جۇڭيى
تېبابىتىنى ئاساس قىلىدىكەن. ئۆزىمىزگە لازىملىق دورى-
لارنى ئېلىپ، ناھىيە مەركىزىگە بىر ـ ئىككى كىلومېتىرمۇ
كەلمەيدىغان مەنزىرىلىك تاغ رايونىنى بىردەم سەيلە قىل-
غاندىن كېيىن يەنە ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كىردۇق. ئەس-
لىدە بەش كۈنگە مۆلچەرلەنگەن تەكشۈرۈش پىلانىمىز
ئۆزگىرىپ، تاسادىپىي ئىككى كۈن بالدۇر قايتىدىغان بو-
لۇپ قالغاچقا، قالدى ـ قاتتى ئىشلىرىمىزنى دەررۇ شۇ
كۈندىن قالدۇرماي پۈتكۈزۈۋالمىساق بولمايتتى. شۇڭا
كۆڭلىمىزدە زادى رازى قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان لامو-
سىرىڭ ئەر ـ ئايالغا ۋە بەي ۋېنشىن ئەپەندىلەرگە ئالغاچ
كەلگەن سوۋغاتلىرىمىزنى ئاپىرىپ بەرگىلى ماڭدۇق.
ھويلىغا كىرگىنىمىزدە بوۋاي ـ موماي بىزنى ۋەدىسى بو-
يىچە ئايرىم مېھمانغا كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان
چېغى، خۇشاللىقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. لېكىن
ئامال قانچە، موماي ـ بوۋايغا ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى كىي-
گۈزۈپ ئالدىراش خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇقتە، مېڭىپ
كەتتۇق. كۆڭۈلچان موماي بىزنى يەنە باللىرىنى ئۇزاق
سەپەرگە ئۇزاتقاندەك، خېلى بىر يەرلەرگىچە يىغلامسى-
رىغان پېتى ئۇزىتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ دوپپا كىيگەندىن
كېيىنكى تۇرقىغا قاراڭ.



شۇ ئاخشىمى سۈنەندىكى بىر قانچە كىشىنىڭ بىزگە
كۆرسەتكەن دوستانە ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىش ۋە
خوشلىشىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ساقسىغول بويىدىكى
بىردىنبىر مۇسۇلمانچە رېستوراندا داستىخان سالدۇق.
توشياۋيۈك ئەپەندىگە تېلېفوننى قىلىۋېتىپ رېستورانغا
يېتىپ بارغىچە ئۇلار بىزدىن بۇرۇن رېستوران ئالدىغا
كەپ بوپتۇ. ئەسلىدە توشياۋيۈك ئەپەندى تېلېفوننى قو-
يۇپلا تېخى ھېلىلا ئۆيىدە قالغان بەي ۋېنشىن ئەپەندى،
يازغۇچى ۋە تارىخچى تۆمۈر ئەپەندى، ئەن يۇلىڭ ئاچا،
خې جۇنچىڭ، جۇڭلى (يۇغۇرچە ئېتى ئايقاتۇن) قاتارلىق-
لارنى ئۆي - ئۆيلىرىدىن تېرىپ بىردەمدە رېستورانغا
يەتكۈزۈپ كەلگەنىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ ۋاقىت قارىشى ۋە
زىيالىيلاردىكى كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىقىنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى.
تۆمۈر ئەپەندىمۇ شۇ كۈنى چۈشكە يېقىن يايلاقتىن قايتىپ
كەلگەن بولسا كېرەك. بىز بىلەن بىللە بولالمىغانلىقىغا
ئۆكۈنۈپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى. سورۇندىكى تۆمۈر ئە-
پەندىدىن باشقا يۇغۇرلارنىڭ ھەممىسى غەربىي تىلدا
سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلار ئىدى. بىز ئالدى بىلەن تۆمۈر
ئەپەندى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشى ئۈچۈن پەرۋانە بولى-
دىغان ئايقاتۇنغا دوپپا كىيگۈزدۇق ۋە كىتاب تەقدىم
قىلدۇق.



تۆمۈر ئەپەندى يۇغۇرلار ئىچىدىن چىققان كاتتا تا-
رىخچى ۋە يازغۇچى ھەمدە بارلىقىنى يۇغۇر مىللىتىگە
بېغىشلىغان پىداكار ئىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبتا ياز-
غان «يۇغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق كىتابى
سېرىق ئۇيغۇر تارىخىغا بېغىشلانغان ئەڭ ياخشى، ئاممى-
باب ئوقۇشلۇق ئىدى. ئايالى گىرىل خانىم ئۇنىڭ ئول-
تۇرسا قوپسا «ئاھ، مېنىڭ يۇغۇرۇم» دەپ ھەسرەت
چېكىدىغانلىقى، يۇغۇرلارنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى قېزىش
ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تارتمىغان جاپاسى قال-
مىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك
قان - تەرىنىڭ مەھسۇلى بولغان «يۇغۇرلارنىڭ مىڭ
يىللىق تارىخى»مۇ ئاتىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن
نەشر قىلىنغانىكەن. يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان-
لىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش باھانىسىدە ئۇنىڭ
شەخسىي تىرىشچانلىقى بىلەن مىڭ بىر تەسلىكتە نەشر
قىلىنغان يۇغۇر تارىخىدىكى تۇنجى قەرەلسىز ژۇرنال«-
يۇغۇر مەدەنىيىتى»مۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك
ئىدى. يەنە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يېڭىلا قۇرۇلغان
ناھىيىلىك يۇغۇر مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشخانىسى ئۆز
ئىشىنى باشلاپتۇ. لېكىن كەمتەر، كىچىك پېئىل تۆمۈر ئە-
پەندى ئۆزى ھەققىدە گەپ بولۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي،
ئايالىنى بىر نەچچە قېتىم نوقۇدى. يولدىشىنىڭ خۇشاللى-
قىنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان گىرىل خانىمنى
بىز «ئۇيغۇرنىڭ ياخشى كېلىنى» دەپ تەرىپلىگىنىمىزدە
ئۇ «شۇ نامغا مۇناسىپ كېلەلىسەم ئۆزۈمنى بەختلىك ھې-
سابلىغان بولاتتىم» دەپ مەمنۇن بولدى.

سۆھبەت يەنىلا تۆمۈر ئەپەندى باشلىغان، يۇغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كەچۈرمىشلەردىن باشلاندى. بولۇپمۇ 1958 ـ يىلىدىكى ئېغىر سولچىل سىياسەت يۇغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋەتكەنىكەن. يۇغۇرلارنى پۈتكۈل مىللەت مىقياسىدا خەنزۇچە فامىلە قوللىنىشقا، يېزىق، دىن، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تاشلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە زورلانغان ئىشلارمۇ ئەنە شۇ يىلدىن باشلانغانىكەن. ئەنە شۇ «تۆت كونىنى يوقىتىش»تا ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان، بۇددا مىڭ ئۆيلىرىنى قازغان، مىڭ ئۆيلەرگە ئۆز قاغانلىرى، مەلىكىلىرىنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ قالدۇرغان، نۇرغۇن ئېسىل دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياراتقان، كۆچۈرگەن سېرىق ئۇيغۇرلاردىن بىر ۋاراقمۇ ئۇيغۇرچە يازما قالماي، پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىكەن. شۇ سەۋەبلىك بىر قىسىم يۇغۇرلار ئۆزلىرىنى ئەلمىساقتىن تارتىپ يېزىقسىز كەلگەن مىللەت دەپ ھېس قىلىدىكەن. بىز ئۇلارنىڭ يېزىقسىز مىللەت ئەمەسلىكىنى، كاڭشى خان زامانىسىدىلا گەنسۇدىكى ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» ناملىق بۈيۈك ئەسەرنى كۆچۈرۈپ چىققانلىقىنى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ بەزى ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نوملارنى كۆچۈرگەنلىكىدەك ئۇچۇرلارنى ئېيتىپ بەردۇق. تېخى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا مالوف، ستەيىن قاتارلىق كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلارنىڭ ھەممىسى پاك ـ پاكىز ياۋروپا مۇزېيلىرىغا توشۇپ كېتىلدىمۇ؟ ئۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

يۇغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇش سورۇندىكىلەرنىڭ ئورتاق تېمىسىغا ئايلانغاندا، بىزمۇ ئاز ـ تولا سۆز قىستۇرۇپ، يۇغۇر مىللىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يۇغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش كېرەكلىكى، بۇنىڭمۇ ئالدىنقى شەرتى يېزىق يارىتىپ، مىللىي مەتبۇئات ۋە باشلانغۇچ مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇق. ئۇلارنىڭ نۆۋەتتە ئويلاۋاتقان جىددىي مەسىلىسىمۇ شۇ ئىكەن. يۇغۇر يېزىقى ۋە ئەدەبىي تىلى بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن قايسى تىلنىڭ يېتەكچى ئەدەبىي تىل بولىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا تۆمۈر ئەپەندى «ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ» دەپ قىسقىلا جاۋاپ بەردى.

بىراق، ئۇلار يۇغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا پۈتۈنلەي دېگۈدەك شەخسىي تىرىشچانلىققا تايىنىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقى، ئەقەللىيسى، يۇغۇر تارىخىدىكى تۇنجى قەرەلسىز ژۇرنال «يۇغۇر مەدەنىيىتى» (يۇغۇرچە نامى شەرقىي يۇغۇر تىلىنى ئاساس قىلىپ ‹يۇغۇر پىچىگ› دەپ ئاتالغان)نىڭمۇ تېخى ھېچقانداق ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە ئەمەسلىكى، تۇنجى سانىنىڭمۇ بىرمۇنچە ساخاۋەتچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ياردىمى بىلەن نەشر قىلىنغانلىقىنى ئېيتتى.

«يۇغۇر مەدەنىيىتى» چوڭ 16 فورماتلىق ھەجىمدە 50 بەت نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، ماقالە قاتارلىق ماتېرىياللار يۇغۇر (موڭغۇل ۋە تۈركىي)، خەنزۇ تىللىرىدا بېرىلگەنىدى. يۇغۇر تىلىنى ئىپادىلەشكە 30 نەچچە ھەرپلىك لاتىن يېزىقى ئىشلىتىلگەن، يۇغۇرچە ماتېرىياللاردا ئىشلىتىلگەن ھەرپلەرنىڭ مۇرەككەپ ھەم بىردەك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ژۇرنالنىڭ يۇغۇرچە قىسمىنى ئوقۇپ چۈشىنىش ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. ھەتتا بىزگە ئورتاق سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدىمۇ ئېغىر مەسىلىلەر ساقلانغان.

سۆھبەت ئارىلىقىدا سورۇندىكى يۇغۇر قېرىنداشلار بىزنىڭ شەنىمىزگە ئاتاپ يۇغۇرچە ناخشا ئېيتتى، ھەر بىر قەدەھ ناخشىسىز تۇتۇلمايتتى، تۆمۈر ئەپەندى يۇغۇرلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى ھەققىدىكى مەشھۇر داستان «شىجى خاجى»نى ئېيتقاندا قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا جور بولۇپ، سورۇننىڭ كەيپىنى يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈۋەتتى. مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ قاتتىق دىققىتىنى تارتقان بۇ داستان، يۇغۇر ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر بۆلۈكى ئىكەن. ئۇلار بۇ داستان ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قان ـ ياشلىق كۆچ ـ كۆچ تارىخىنى ھەر زامان ئەسلەپ تۇرىدىكەن. مۇشۇ داستان مەزمۇنىغا ئاساسەن يۇغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئىزدەيدىكەن، شۇ سەۋەبلىك شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ تارىخىي ماكانى، ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى دەپ قارايدىكەن. داستاندا يۇغۇر ئەجدادلىرىنىڭ 14 ـ 15 ـ ئەسىردە شەرقتىكى شىجى خاجى دېگەن جايدىن گەنسۇغا كۆچۈپ بارغانلىقى سۆزلىنىدۇ. شىجى خاجىنىڭ ئورنى نۆۋەتتىكى تەتقىقاتلاردا شەرقىي شىنجاڭغا مۇقىملاشقان

بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق قايسى جاينى كۆرسىتىدىغانلىــقى
مەلۇم ئەمەس. خۇسۇسەن تۆمۈر ئەپەندى بۇ جاينى ھا-
زىرقى چەرچەن، چاقىلىق ئەتراپلىرى دەپ قارايدىكەن.
شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى-
نىڭ ھەممىسى ئۆز ئەجدادلىرىنى شەرقتىن ئىزدەش بىلەن
بولۇپ كېتىپ، گەنجۇ (قامچى) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى-
دىكى سەلتەنەتلىك تارىخىغا سەل قارىغان. ئورخۇن ئۇي-
غۇر خانلىقىدىن گەنسۇغا كېلىپ يەرلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ
كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدىكى سوئالىمغا تۆمۈر ئەپەندى:
«ئۇلار ئالىلقاچان زاڭزۇلىشىپ كەتتى، ئۆز دەۋرىدە زاڭ-
زۇلار ئۇلارنى ‹خور› دەپ ئاتىغان» دەپ جاۋاب بەردى.
مېنىڭچە، بۈگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇلار ئېيتقاندەك
گەنسۇغا تۇنۇگۈنلا پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس، پۈتۈن-
لەي شەرقىي شىنجاڭ تەۋەسىدىن بارغانلىقى تېخــــمۇ
مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شەرقىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار
14 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئالىلقاچان ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىۋى
تۈرمۇشىدىن قول ئۈزۈپ بىر سىياسىي گەۋدىگە ئايلىنىپ
بولغان. ئۇلاردىكى ھازىر مەۋجۇت قەبىلە، ئۇرۇق ناملى-
رى شۇ دەۋرگە ئائىت ئۇيغۇرچە يازمىلاردا تىلغا ئېلىن-
غانمۇ ئەمەس. ئەڭ چوڭ پاكىت، يۇغۇر تىلىدىكى قەدىم-
كى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسىغىلا خاس فونېتىكى-
لىق ئالاھىدىلىكنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىنمۇ،
ھازىرقى ئۇيغۇر شېۋىلىرىدىنمۇ ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن
ئەمەس. يۇغۇر تىلىدا كۆپىنچە سۆزلەردە ھازىرقى ئوغۇز
تىلى گۇرۇپپىسىدىكى تىللارغا ئوخشاش «T» تاۋۇشىنىڭ
ئورنىغا «D» (تۇمشۇق = دۇمسۇق، تىل = دىل، تىز =
دىز، تىش = دىس، تۇمەن = دۇمەن...)؛ «K» تاۋۇشىنىڭ
ئورنىغا «G» (كۆز = گۆز، كىرپىك = گىرمىك، ئۆكۈز =
گۈس، كۆپ = گۆپ، كەكلىك = گېگىلىك...) تاۋۇشلىرى
كېلىدۇ. ئالاھىدە بىر تەرىپى شۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى
«Y» تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك
«D» ئەمەس «Z» تاۋۇشى كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاياق =
ئازاق، قۇيرۇق = قۇزرۇق، تويماق = دوزماق، كۈيئـو-
غۇل = قىزكۈزېگى. بۇ خىل تىل ھادىسىسىنى باسكاكوف
قەدىمكى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسىدىكى چېگىـل
تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ⑦ يـۇغـۇر
تىلىدا ھەتتا بەزىدە قىپچاق تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ
ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن يۇغۇر تىلىغا ئالدىراپ
دىئاگنوز قويغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك يـۇغـۇر
تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنى مۇتلەق شەرقتــىن
ئىزدەش خاھىشىغا گۇمانلىق سوئال قالدۇرغىلى بولىدۇ.
ئۇلار مۇنداق ئىپتىدائىي تىل ئېلېمېنتلىرىنى، قەبىلــە ـ
ئۇرۇق تەشكىلىنى شىنجاڭنىڭ قەيىرىدىن ئىزدەيدۇ؟.

مېنىڭچە ئاتالمىش يۇغۇر دەپ ئاتالغان سېرىق ئۇي-
غۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ياغلاقار خان جەمە-
تىنى ئۇيۇتقا قىلغان؛ نۇرغۇن قەدىمكى تۈركىي تىللىق
قەبىلە، ئۇرۇقلارنى ئېتنىك تەركىب قىلغان؛ كېيىنكى مەز-
گىللەردە شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئاز ساندىكى خەلقنىڭ
يۇغۇرلۇشىدىن كېلىپ چىققان مۇرەككەپ ئېتنىك گۇرۇپپا.

ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان دوستانە، قېرىنداشلارچە مۇ-
ئامىلىسىگە جاۋابەن بىزمۇ سوتۇقمىز كەلمىسىمـۇ ئـۇي-
غۇرچە ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ سورۇننىڭ
كەيپىنى كۆتۈردۇق. ئىلمىي سۆھبەتمۇ، تاماشىمۇ ئەۋجىگە
كۆتۈرۈلگەن سورۇندىن ھېچكىمنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمە-
دى. سۆھبەت ئاخىرلىشاي دېگەندە ھەممىگە يېتىــشىپ
تۇرىدىغان تۇشياۋيۇڭ ئەپەندى سۇكچى شەھرى خۇاڭ-
نىباۋ يۇغۇر مىللىي يېزىسىدىن كەلگەن ئىككى يـۇغـۇر
مېھماننى سورۇنغا باشلاپ كىردى. ئۆزىمۇ، ناخشىسىمۇ



كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سۈكچىلىك ئايال كېچىن جىز- بىدار ئۇيغۇر ناخشىلىرى بىلەن سورۇننىڭ ھۆسنىگە ھۆ- سن قوشتى.

ئېغىر - بېسىق بەي ۋېنشىن ئەپەندى بىزنىڭ تەلپە- مىز بويىچە، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا بىرەر مىنۇتتەك سۆز قە- لىپ، بىزگە ئىزگۇ تىلەكلىرىنى تىلىدى. ئادەتتە ئۇيغۇرلار ھەر قانچە كۆچەپ ئۇيغۇرچە سۆزلىسىمۇ، خەنزۇچە سۆز- لەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن خالىي بولالمايدىكەن.

نەۋرىسىنىڭ خاپىچىلىقى بىلەن خاتىرجەم ئولتۇرالماي قالغان ئەن يۈلىڭ ئاچا بىزنى ئۆز يۇرتىغا ئاپىرىپ مال سويۇپ مېھمان قىلىش ئارزۇسىدا كۆپ ئىزدىگەن بولسى- مۇ، ئالاقىلىشالماي، كۆڭلى بەك يېرىم بولغانلىقى، شۇڭا ئەتە سەھەردە ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بالدۇرلا كېتىپ قالدى.

بىزنىڭ ئالدىراش - تېنەش قايتىشقا تەرەددۇت قىلى- شىمىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا مەيۇسلەندۇردى. يۇرت ئاتلاپ ئۆزگە يۇرتلارغا بارغىنىڭدا ساڭا ئىللىق چىراي ئاچىدىغان مۇشۇنداق قېرىنداشلىرىڭنىڭ بولۇشى نېمە دېگەن بەخت. ئەل ئايىغى بېسىققاندا بەزىلەر سۆھبەتتىن، بەزىلەر ناخشىدىن، يەنە بەزىلىرىمىز ھاراقتىن مەستخۇش بولۇشۇپ تارقاپ كەتتۇق. قاتتىق مەست بولغاندا كېچىنى كېچە دېمەي، سورۇندىن يانغان مېھماننى ئۆيىگە قاتتىق زورلاپ تۈرۈۋالىدىغان بۇ ئادەت ئۇلاردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىكەن. بۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۆزىمىزچە كۈلگە- مىز كەلدى. ھاياجاندىن كېچىچە كۆزىمىزگە ئۇيقۇ كەلمە- دى.

22 - ئاۋغۇست ئەتىگەن ناشتىلىق قىلىپ تۇرۇۋشىمىزغا ئەن يۈلىڭ ئاچا ئالدىمىزغا ماشىنا ئەۋەتىپتۇ. تۆمۈر ئە- پەندىمۇ بىزنى ئاخشامقى رېستورانغا تاماققا تەكلىپ قىلى- دىغانلىقىنى ئېيتىپ تېلېفون قىپتۇ.

ئەن يۈلىڭ ئاچىنىڭ ھەيۋەتلىك ساقسىغول بويىغا جايلاشقان ھويلا - ئارامىلىرى ناھايىتى پاكىز سەرەمجان- لاشتۇرۇلغان ئىكەن. ئەن يۈلىڭ ئاچا داستىخانغاتالىقان سېلىنغان سۈتچاي، قوي گۆشى كەلتۈردى. يەنە بىر تە- رەپتە قىينانىسى قورۇما قورۇشقا تەييارلىنىۋاتقانىكەن. ۋاقتىمىز قىستاپ قالغاچقا، ئۇنىمىغىنىغا قويماي توختىتىپ قويدۇق. ئەن يۈلىڭ ئاچىنىڭ قىينانىسى تىپىك ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ساقلانغان ئائىلىدە ئۆسكەن ئايال بولسا كې- رەك. بىز بىلەن ساپ ئۇيغۇر تىلىدا مۇڭداشقان بولسىمۇ، لېكىن بىز تولۇق ئاڭقىرىپ كېتەلمىدۇق. ئۇ ئايال« مېنىڭ دادام ئۇيغۇر» دېدى.



ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشقىمۇ پۇرسىتىمىز تەگمەي ئالدىراش - تېنەش ئۆيىدىن چىقتۇق. ئەن يۈلىڭ ئاچا بىزگە ئۆزىنىڭ كۆپ ئەجرى تەگكەن «ئۇيغۇر خەلق ما- قال - تەمسىللىرى»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتابلاردىن بىر يۈرۈش تەقدىم قىلدى.

تۆمۈر ئەپەندىنىڭ داستىخىنى گۆش تائاملىرى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، شۇ چاغقىچە ئاغزىمىزغا تېتىغان تائاملار شۇ بولدى. سۇنەننىڭ ئۆزگىچە كۆكتاتلىرىدىن قىلىنغان خام سەيلەرمۇ خېلىلا يېقىشلىق ئىدى. تۆمۈر ئەپەندى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان سۇنەن ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانى- سى بىلەن، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشخا- نىسىدىكى ئۈچ ئۇيغۇر كىشىنى باشلاپ كەلگەنىدى. ئىك- كىسى موڭغۇل تىللىق ئۇيغۇرلاردىن بولغاچقا، ئانچە تىل تېپىشىپ كېتەلمىدۇق. ئارسلان ئىسىملىك غەربىي ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان يىگىت بىلەن بىر دەمدىلا تىل تېپى- شىپ قالدۇق. ئەسلىدە ناھىيىلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدە خىزمەت قىلغان بۇ يىگىتنىڭمۇ ئۆز مىللىتىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى چەكسىز ئۇستۇن ئىدى. «ئۇيغۇر مە- دەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش ماقالىسى مانا مۇشۇ ئەمدىلا 32 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئارسلاننىڭ «يوداچۇق» نامىلىق قەدىمىي ئۇيغۇر ئېپوسى بىلەن باشلانغانىدى. ئۇ- نىڭ «بىز پات ئارىدا ئۆز مىللىي يېزىقىمىزنى ۋە مىللىي مائارىپىمىزنى يارىتىمىز» دېگەن ئۇمىدۋار سۆزلىرى تا ھازىرغىچە قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ. داستىخاندا يەقەت

بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئالاقىلىشىش ئادرېسلىرىنى يېزىۋېلىشقىلا پۇرسەت چىقتى. سۆھبەتلەشكىدەك ئىمكانمۇ بولمىدى. تۆمۈر ئەپەندى بىزگە «سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «يۇغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»، «يۇغۇر مەدەنىيىتى» قاتارلىق كىتاب، ژۇرناللارنى تەقدىم قىلدى. بۇ يەردىنمۇ بىر ـ بىرىمىزنى ئىككى ئۇيغۇر يۇرتىغا تەكلىپ قىلىشىپ قايتتۇق.



شۇ كۈنىگىچە ناھىيىلىك مۇزېينى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدۇق. يەكشەنبە كۈنى بولۇپ قالغاچقا، مۇزېي تاقاق ئىكەن، كۆڭۈلچەك بەي ۋېنشىن ئەپەندى مۇزېي خادىمىنى ئۆيىدىن تاپتۇرۇپ كەلدى، ھەممىدە مۇزېيدىكى ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى ئېرىنمەستىن تونۇشتۇرۇپ چىقتى. بىر كونا تاغارنى كۆرسىتىپ بۇنى يۇغۇرچە نېمە دەيدۇ، دېسەك قومۇللۇقلاردەك« سۇمال» دېدى، «بۇنىچۇ» دەپ بىر يەكتەكنى سورىساق جاۋابى يەنە قومۇل، تۇرپان شېۋىسىدىكىدەك «چامجا»دېدى. قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى كۆرسىتىپ «شەھەرنى نېمە دەيسىلەر؟» دېسەك«بالىق» دەيمىز دەپ جاۋاب بەردى. بۇ يەردە ھەممىلا نەرسىنى قومۇلغا باغلاپ چۈشەندۈرگەنلىكىم ئەمەس، ئەمەلىيەت شۇنداق، قومۇللۇقلار ھېلىھەم «بالىق» سۆزىنى تاشلىغىنى يوق. قومۇللۇقلار شەھەرگە كىرگەننى «بازار ـ بېلىققا بارماق» دەيدۇ. گەپ ئارىلىقىدا بەي ۋېنشىن ئەپەندى كىچىكىدە چوڭلاردىن «سۇكچىنىڭ سارتى قوزغىلىپتۇ» دېگەن گەپنى دائىم ئاڭلايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ قالدى، بىز قومۇلدا «سۇكچىلىكلەر» نامىدا بىر توپ ئۇيغۇرنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ 100 نەچچە يىللار ئىلگىرى سۇكچىدىكى ئېغىر قىرغىنچىلىقتىن قومۇلغا قېچىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردۇق. شۇڭا مەن سېرىق ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغۇچى قېرىنداشلارنىڭ قومۇل شېۋىسىگە مۇراجىئەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇزېيغا يەنە بەي ۋېنشىن ئەپەندى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان، قويۇق يۇغۇر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ياغاچ، لاي قوچاقلار قويۇلغانىكەن. مۇزېيدا موڭغۇل شاھزادىلىرىدىن قايسىدۇر بىر شاھزادىنىڭ نامىغا تىكلەنگەن بىر مەڭگۈ تاش بار ئىكەن. خەت ئەينەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولسىمۇ، لېكىن قايسى تىلدا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق.

قىسقىغىنە تۆت سائەتلىك ۋاقتىمىز ھەرھالدا ئەھمىيەتسىز ئۆتمىدى. سىم ـ سىم يامغۇر يەنە يېغىشقا باشلىدى. يولۇچى توشۇش بېكىتىگە بارىدىغان يول ئۈستىدە مەخسۇس يۇغۇر مىللىي كىيىملىرىنى ساتىدىغان ۋە تىكىدىغان فولكلور دۇكىنى بار ئىكەن. ئەرەنچە يۇغۇرچە كىيىم ئېلىۋېلىش ئىستىكىمىز بولسىمۇ دۇكاندا ئەرەنچە كىيىم يوقكەن.

ئۆز كۆڭلىنى قانداق ئىپادىلىشىنى بىلەلمەي قالغان بەي ۋېنشىن ئەپەندى بىلەن ئايقاتۇن سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، تاكى ئاپتوبۇس قوزغالغىچە بىزگە ھەمراھ بولدى.

23 ـ ئاۋغۇست كۈنى قومۇلدا شېرىن سەپەر تەسىراتلىرىغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرغىنىمىزدا تۇ شياۋيۇڭ ئەپەندىنىڭ ئۆزرىخاھلىق ۋە ھاردۇق سوراپ قىلغان تېلېفونى كەلدى. ئەسلىدە ئۇ كىشى 22 ـ ئاۋغۇست كۈنى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن سۇكچىگە كېتىپ قالغاچقا، بىزنى ئۇزىتىپ قويالمىغانىكەن.

---

ئىزاھلار:

① بوياڭ تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» 53 ـ كىتاب، 35 ـ بەت

② قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 211 ـ بەت

③ يۇقىرىقى كىتاب، 212 ـ بەت

④ يۇقىرىقى كىتاب، 280 ـ بەت

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 280 ـ بەت

⑥ گاۋ زىخۇ، خې خۇڭمېي: «يۇغۇرلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 110 ـ 111 ـ بەتلەر

⑦ ن. ئا. باسكاكوف «تۈركىي تىللار»، 1986 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 350 ـ بەت.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد





# يۇمۇرلار





### ئەپۇ سورىماسلىق

يەسلىدە بىر قىزچاق بىر ئوغۇلنى ئۇرۇۋېتىپتۇ. تەربىيىچى قىزچاقنى ئوغۇلدىن ئەپۇ سوراتقۇزماقچى بوپتىكەن، قىز قەتئىي ئۇنىماپتۇ.

تەربىيىچىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ نىمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىغانىكەن، قىزچاق: «ئائىلىمىزدە ئەزەلدىن دادام ئاپامدىن ئەپۇ سوراپ كەلگەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### ماركسنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇش

—قىزچاق، كىيىۋالغىنىڭىز يالغان چاچمۇ؟

—شۇنداق، بىراق ماگىزىنىدىكىلەر ماڭا بۇنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ دېگەنتىغۇ؟!

—مېنىڭمۇ پەرق ئېتەلمەسلىكىم مۇمكىن ئىدى، بىراق سىز يالغان چېچىڭىزدىكى تاۋار ماركسنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپسىز.

### تۇنجى مۇھەببەتنىڭ تەمى

مەلۇم بىر سۈت شىركىتى قېتىقنىڭ ئېلانىغا مۇنداق يېزىپتۇ:

«تاتلىق ھەمدە چۈچۈك بولغان قېتىقتا تۇنجى مۇھەببەتنىڭ تەمى بار.»

—ئەگەر باللار تۇنجى مۇھەببەتنىڭ تەمى قانداق؟ دەپ سورىسا، قانداق قىلىسىلەر؟—دەپ سوراپتۇ مۇخبىر.

دىرېكتور دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

—تۇنجى مۇھەببەتنىڭ تەمى قېتىقنىڭ تەمى بىلەن ئوخشاش دەپ جاۋاب بەرسەكلا بولدى،—دەپتۇ.

### 80 ياشلىق ئوغرى

سوتچى:—جاۋابكار، سەن 80 ياشقا كىرگەن تۇرۇپمۇ قانداقسىگە ماشىنا ئوغرىلاشنى ئويلىدىڭ؟ سەن نېمشقا مۇشۇ يېشىڭدىمۇ باشقىلارنىڭ ماشىنىسىنى ئوغرىلايسەن؟

جاۋابكار:—سوتچى ئەپەندىم، خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، مەن ياش ۋاقتىمدا تېخى ماشىنا يوق ئىدى.

### تاۋۇز سېتىۋېلىش

بىر كىشى دوستلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ، يول بويىدا تاۋۇز سېتىۋاتقان باققالدىن:

—بۇ تاۋۇزلار تاتلىقمۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—ئەلۋەتتە تاتلىق، تاتلىق بولمىسا پۇل ئالمايمەن،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باققال.

—ھە، ئۇنداقتا ماڭا تاتلىق ئەمەستىن بىرنى تاللاپ بېرىڭ!

### سۇنئىي يامغۇر يېغىشنىڭ سەۋەبى

بىر جايدا ئۇزاق مۇددەت قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن،

سۇنئىي يامغۇر ياغدۇرۇلماقچىكەن، ئەتراپتىكى پۇقرالار يىراقتىن قاراپ تۇرۇپتۇ. بىرىنچى توپ ئېتىلىشى بىلەنلا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، بىر دېھقان ھاياجانلىنىپ يەنە بىر دېھقانغا: «قىزىق، كىچىك بالا تاياق يېسىغۇ يىغلايدۇ، تەڭرى تاياق يېسىمۇ يىغلايدىكەن» ـ دەپتۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر ئۆمەر (مارالبېشى ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

## ئىسىم

بىر كۈنى بىر كىشى گولف توپ ئويناۋېتىپ، توپنى كۈچەپ بىر ئۇرغانىكەن، توپ يىراققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كىشى توپنى ئىزدەپ بارسا، بىر خانىم توپنى ئوينىماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن.

ـــ كەچۈرۈڭ، ـــ دەپتۇ ھېلىقى كىشى، ـــ ئۇ توپ مېنىڭ ئىدى.

ـــ ياق، بۇ مېنىڭ توپۇم، ـــ دەپتۇ خانىم دەرھال.

ـــ خانىم، قاراپ باقسىڭىز، توپتا مېنىڭ ئىسمىم يېزىقلىق، ـــ دەپتۇ ئۇ كىشى. خانىم توپقا ناھايىتى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، ھەيران بولغان ھالدا:

ـــ سىزنىڭ ئىسمىڭىز مېنىڭ توپۇمنىڭ ئۈستىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ـــ دەپتۇ.

## قايىل بولماسلىق

بىر كىشى گولف توپ ئويناپ بولۇپ، ئۆيگە قايتىپ كەلسە، تۆت ياشلىق قىزى ئۇنىڭدىن:

ـــ دادا، سىز ئۇتتىڭىزمۇ ياكى ھېلىقى تاغام ئۇتتىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

ـــ بىز مۇسابىقىلەشمىدۇق، پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا ئوينىدۇق، ـــ دەپتۇ دادىسى. بۇ چاغدا قىزچاق قايىل بولماي:

ـــ ئۇنداقتا كىم بەكرەك خۇشال بولىدى؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

## خۇش خەۋەر ھەم شۇم خەۋەر

گولف توپ ئويناشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان ياشانغان بىر كىشى پوپتىن جەننەتتە گولف توپ مەيدانى بار ـ يوقلۇقىنى سوراپتۇ. پوپ بۇنىڭغا 2 ـ كۈنى جاۋاب بەرمەكچى بوپتۇ. ياشانغان كىشى ئەتىسى كەلگەندە، پوپ ئۇنىڭغا:

ـــ مەن ھەم خۇش خەۋەر ھەم شۇم خەۋەرگە ئېرىشتىم، خۇش خەۋەر جەننەتتە ياپيېشىل چىم يېيىتىلغان گولف توپ مەيدانى ۋە ئەڭ ياخشى ئۇسكۈنىلەر بار ئەكەن، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئۇنداقتا شۇم خەۋەرچۇ؟ ـــ دەپتۇ ھېلىقى كىشى ئالدىراپ.

ـــ شۇغىنىسى، كېلەر ھەپتە ئەتىگەن سائەت 10 دا توپ باشلاش نۆۋىتى سىزگە كەپتۇ.

## كېلەر يىلى نېمە كىيەر؟

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپ، ئايالى:

ـــ شەھەر ھاۋاسى پەقەت ياخشى ئەمەس، يىلدىن ـ يىلغا ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ.

ـــ بۇنى قانداق بىلدىڭ؟ ـــ دەپتۇ ئېرى.

ـــ قارىمامسىز، شەھەر قىزلىرى ئۆتكەن يىلى ئىسسىپ كېتىپ بىلەك ۋە پاقالچەكلىرىنى ئوچۇق قويغانىدى، بۇ يىل تېخىمۇ ئىسسىپ قورساقلىرىنى ئوچۇق قويىدى. كېلەر يىلى ئۇلار نېمە كىيەر، دەيمەن، ـــ دەپتۇ ئايالى.

## كىيىمنى سېلىشنى خالىمايدىكەن

سىنىپ مۇدىرى سىنىپ يىغىنىنى تەرتىپلىك ئېچىش مەقسىتىدە، سىنىپ باشلىقىغا:

ئاسما مايكا ۋە كالتە ئىشتان كىيگەن باللارنى سىنىپقا كىرگۈزمەڭ، ـــ دەپتۇ ۋە سىنىپ يىغىنى ئېچىش ئالدىدا سىنىپ باشلىقىنى چاقىرىپ:

ـــ مەن دېگەن ئىشنى قىلدىڭىزمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ ياق، قىلالمىدىم، ـــ دەپتۇ سىنىپ باشلىقى ھودۇقۇپ، ـــ چۈنكى ھېچكىم كىيىمنى سېلىپ، ئۆزىنى ماڭا كۆرسىتىشنى خالىمايدىكەن، ئەمەسمۇ!

## ئالماشتۇرۇش

بىر قىز دوستىغا:

ـــ ھەرگىز ئېرىڭ بىلەن بىللە مودا كىيىم پائالىيىتىنى كۆرمە، بۇ ھەر ئىككىڭلا تەرەپكە پايدىسىز، چۈنكى بۇنى كۆرگەندە ئايالىڭ يېڭى كىيىم كىيگۈسى كېلىدۇ، ئەرنىڭ يېڭى خوتۇن ئالغۇسى كېلىدۇ، ـــ دەپتۇ.

## تۈگمىسىز ئەرلەر چاپىنى

ئايالى: ـــ بۇ يىل ئەرلەرنىڭ تۈگمىسىز چاپىنى مودا بوپتۇ ـ ھە!

ئېرى: ـــ بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار، مەن سەن بىلەن توي قىلغاندىن بېرى قاچان تۈگمىلىك چاپان كىيىپ باققان!

خۇرسەنئاي مەتتىمىن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# بىبىخانىمنىڭ مومىيالانغان جەسدى ۋە مۇھەممەد سالىمتۇۋچ يۇسۇپوفنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر

4

... بىز كېلىشىۋالغان ۋاقىت بويىچە ۋېكتور ۋېتكوۋىچنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. بوۋاي ماختىنا ـ ماختىنا، ئۆزى «ئۆزبېكچە» دەپ ئاتىۋالغان چېيىنى دەملىدى. چاي ئۈستىدە بىبىخانىم ھەققىدە سۆھبەتلەشتۇق. ئۇنىڭ ھېكايىسى «داۋاملىق مەكتۇپلار»دىكى ۋەقەگە ئازىراقمۇ قوشۇمچە قىلىنمىغان ھالدا بايان قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىدىم.

مەن تاشكەنتنى ناھايىتى سۆيىمەن، ئۇرۇشنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىمۇ كۆپ قېتىم شەرق لاتاپىتىنى سېغىنىش بىلەن ئاشۇ ياققا قاراپ جۆنەيتتىم، مانا شۇنداق سەپەرلىرىمنىڭ بىرىدە، يەنى 1946 ـ يىلى تاشكەنتنى بويلاپ سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، ئەمەلىي سەنئەت مۇزېيى بىناسىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدىم. بۇ مۇزېينىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئالدىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن. ئىشىك ئالدىدىكى لەۋھەنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ كەتتىم. بۇ ئەتراپلارنى بۇرۇن سەيلە قىلغانلىقىمنى ئەسلەپ، ئېتىبار قىلمىغان بولسام كېرەك، دەپ ئويلىدىم... مەن ساياھەت قىلىشنى بەك ياخشى كۆرىمەن... شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ۋېكتورستانىسلاۋىچ بىر ئاز سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇ خىيالەن شۇ يىراق كۈنلەردە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئۆزبېك پايتەختى كوچىلىرىدا ساياھەت قىلىپ يۈرگىنىنى سېزىپ، ئۇنىڭ بۇ ساياھىتىنى بۇزماي، دەپ ئۈندىمەي ئولتۇردۇم.

—مۇزېي ناھايىتى ئاجايىپ ئىدى،—دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى ئۇ: ئۇنىڭ بىناسىنى پالاسېف دېگەن بىر رۇس دىپلوماتى ئىنقىلابتىن بۇرۇن شەرقچە ئۇسلۇبتا

تىكلەپ، خانىلىرىنى مەھەللىۋى ئۇستىلارنىڭ سەنئەتلىرى
بىلەن بېزەتكەنىكەن. ئۇنىڭ پەردازلىنىشىغا پالاسېفنىڭ
شەخسىي كاتىپى، كېيىنچە تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئېتـ-
نوگرافىيىسى بويىچە بىلىمدار كىشى بولۇپ يېتىشكـەن
پروفېسسور - م. س. ئاندرېيېف رەھبەرلىك قىلغان. بۇ
گۈزەل نەقىشلەرنى، تەكچىلەردە تىزىپ قويۇلغان دوپپىـ-
لارنى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە خاس مىللىي لىباسلارنى،
كۆركەم سەمەرقەند دەشتلىرىنى ئەسلىتىدىغان كەشتىلەر ۋە
گىلەملەرنى، سوزانىلەر ۋە زەرباب چاپانلارنى، كۈلالچىـ-
لىق نەمۇنىلىرىنى قىزىقىش بىلەن كۆرۈپ چىقتىم. مېنى
كۆرگەزمىخانىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن مۇزېي دىرېكتورى
كۆرگەزمە ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا:

—خالىسىڭىز، بىبىخانىمنى كۆرسىتىمەن،—دېدى.

—نېمە، نېمە دېدىڭىز!؟—دېدىم - دە، ئۇنىڭغا تە-
كىلىپ قارىدىم، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يولدىشىمنىڭ يۈ-
زىگە تەبەسسۇم يېيىلدى - دە:

—بىبىخانىم - دە... سارايمۇلۇك خانىم نامى بىلەن
مەشھۇر، تۆمۈرنىڭ چوڭ خوتۇنىنى كۆرۈشنى ئىستىمەمە-
سىز؟—دېدى.

—ئىلاج بولسا... تېزرەك... تېزرەك...—دېدىم مەن
ئالدىراپ. مۇزېي دىرېكتورى مېنى خانىلەرنىڭ بىرسىگە
باشلاپ كىردى ۋە بۇرجەكتە تۇرغان، ئۈستىدە ماتا تاشـ-
لاپ قويۇلغان تۆت بۇرجەك ئۆكەك مۇردا (ساندۇقى)
ئالدىغا باشلاپ باردى. ئاندىن ماتانى قۇتىنىڭ ئۈستىدىن
ئاستا سىيرىلدۇرۇپ ئالدى - دە، شۇئان ئەينەكتەك قۇتا
ئىچىدە ياغاچ تاۋۇت تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئىچىدە بولسا
ناھايىتى ياخشى ساقلانغان، كىچىككىنە بىر ئايالنىڭ قۇ-
رۇغان جەستى ياتاتتى. ئايالنىڭ ئاساسەن سۆڭەكلـىرى
قالغان بولسىمۇ، ئەگىندىكى لىباسلىرىنىڭ ئايرىم قىسىمـ-
لىرى، مەخمەل پەرىجىسىنىڭ پارچىلىرى، ھەتتا يۈزلىرىـ-
نىڭ ئايرىم جايلىرىدا تېرە ھەم ساقلىنىپ قالغانـدى.
چاچلىرى ئاپئاق بىر سىقىم تۇراتتى. مېنى ئۇنىڭ ئۆسۈپ
كەتكەن تىرناقلىرى ھەيرەتكە سالدى. بۇ ئاجايىپ مۆجىزە
ئالدىدا ئۇزاق ۋاقىت تىلىم گەپكە كەلمەي گاڭگىراپ تۇ-
رۇپ قالدىم. بىر ئازدىن كېيىن ئۆزۈمگە كېلىپ:

—قايەردىن تاپتىڭىز؟—دەپ سورىدىم. ھەمراھىمـ-
نىڭ ھېكايە قىلىشىچە، 1941 - يىلى ئەمىر تۆمۈر، ئۇنىڭ
يېنىدا ياتقان ئوغۇللىرى ۋە جاھانگىرنىڭ بۈيۈك نەۋرىـ-
سى مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ قەبرىلىرىنى ئاچقاندا مەلىكە ياتـ-
قان مەقبەرىمۇ ئېچىلغانىكەن. كېيىنچە ئەمىر تـۆمـۈرنى،
ئۇنىڭغا قوشۇپ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنى قايتا جايىغا
قويۇشقان. بىبىخانىم بولسا «ۋاقتىنچىلىك»دەپ مـانـا
مۇشۇ مۇزېيغا كەلتۈرۈلگەن ۋە ۋاقىت ئۆتۈپ يۇتۇنلەي
ئۇنتۇلغان.

—ئۆزىڭىزچۇ؟ ئۆزىڭىز ئۇلارغا ئەسلەتمىدىڭـىز-
مۇ؟—دەپ سورىدىم مەن.

—ھەي، نەچچە قېتىم ئەسلەتكەن مەن، ھېچكىمنىڭ
شۇغۇللانغۇسى كەلمەيدۇ، ئىشىڭنى قىل، دېيىشىدۇ...

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن موسكۋاغا قايتتىم. بىراق،
قايتقاندىن كېيىنمۇ بۇ كۆرگەنلىرىمنى غارايىپ چۈش كەبى
ئەسلەپ يۈردۈم. بىر - ئىككىسىگە سۆزلەپ بەرگەنىدىم،
«چۆچەك توقۇشقا ئۇستا سەن» دەپ كۈلۈشتى. ئاخىر
ئۆزۈم ھەم «كۆرگەنلىرىم چۈش ئەمەستۇر» دەپ ئويلىـ-
نىپ قالدىم.

5

مەن سەمەرقەندنىڭ يېقىنىدىكى قىشلاقلارنىـڭ بىـ-
رى—چاردەرەدە توغۇلغان. مانا شۇ قىشلاقتا ئانا تەرەپـ-
تىن بولغان بوۋامنىڭ دالاھويلىلىرى بولغان. بوۋامـنىـڭ
شەھەردىكى ئاساسىي ئۆي - ھويلىلىرى زامانىنىڭ تۈس -
توپانلىرى سەۋەبلىك بوۋامنىڭ ۋاپاتىدىن (30 - يىللاردا
ناھەق قامىلىپ، قاماقخانىدا دۇنيادىن كۆز يۇمغان) كېيىن
باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

سەمەرقەند تارىخى پەقەت ئاپىراسياپ ۋە تـۇپـراق
ئاستىدا قېپقالغان، جاھانغا مەشھۇر ئابىدىلەردىن، شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزگەرمەي كەلگەن شەـ-
ھەر - مەھەللىلەردىن، ئۇنى قورشاپ تۇرغان قىشلاقلارـ-
دىن ئىبارەتتۇر. بۇ قەدىم مەھەللىلەر ۋە قىشلاقلارنىڭ
نامىنى تىلغا ئالسىڭىز تارىخ كىتابىنى ۋاراقلاۋاتقـانـدەك
بولىسىز. مانا، مەسىلەن، ئۆزۈم تۇغۇلغان جاي ئەتراپىـ-
دىكى قىشلاقلارنىڭ نامىنى بىرمۇبىر ئېيتـاي: بـۇخـارا
قىشلىقى، ئۆرگەنچ قىشلىقى، تۈركمەن قىشلىقى، ئەدەبـ-
خاندا، ھەزادە، نايمان... ھەر قاچان بۇ ناملارنى تىلغا
ئالسام كۆز ئالدىمدىن سەمەرقەند ئۈستىگە قىلىنغان باسـ-
قۇنچىلىقلار ئۆتۈشكە باشلايدۇ. بىر كۈنلىرى قىشلىقىمىز

مازىرى يېنىدىكى ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتسىڭىز ئۇلۇغ تۆپىلىككە دۇچ كېلەتتىڭىز. بالىلىقتا ھەممە نەرسە چوڭ كۆرۈنىدىكەن. مەن ھازىر «ئاتلاپ ئۆتسىڭىز» دېدىمغۇ؟ ئەسلىدە بۇ ئېرىق بالىلىق ۋاقتىمدا ناھايىتى چوڭ ئېقىندەك، تۆپىلىك بولسا تاغدەك بولۇپ تۇيۇلغانلىقى ھامان يادىمدا. مانا شۇ تاغدەك تۆپىلىككە چىقىپ ۋەرەق ئۇچۇراتتۇق. ھەر قېتىم بۇ تۆپىلىك ئۈستىگە چىققىنىمدا يىراقتىكى تاغلارغا تىكىلىپ خىيال سۈرگۈم كېلەتتى. خىيال سۈرگەنسېرى يىراقلاردىكى تاغلار پۈتۈن ھەيۋىتى ۋە سالمىقى بىلەن يېقىنلىشىپ كېلەتتى ـ دە، ئاخىر ئۇلارنىڭ ياپيېشىل قۇچاقلىرىغا سىڭىپ كەتكىنىمنى بىلمەي قالاتتىم. مانا شۇ تۆپىدىن تۇرۇپ سەمەرقەندنى ـ رېگىستان مۇنارلىرىنى، گۆرى مىر گۈمبىزىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. ئۇ پەيتلەر — سەمەرقەندتىكى ئەڭ بەلەن بىنالار تۆت قەۋەتلىك بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بالىلىق تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ تىكىلگەن بالىلارچە نەزىرىنى توسايدىغان توساق يوق ئىدى. سەمەرقەند تەرەپكە تىكىلەتتىم. ئانامنىڭ «بىز ئالدىدا شەھەردە ياشىغانىمىز، بۇ يەردە بولسا بوۋاڭنىڭ دالاھويلىلىرى بولغان» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا چۈشەتتى.

— بوۋاڭنىڭ ھويلا ـ جايلىرى ھېلىھەم بار، — دەپ ھېكايە قىلاتتى ئانام، — شۇنداق، رېگىستان مەيدانى ئۇدۇلدىكى كىنوخانىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، توغرا مېڭىۋەرسەڭ، ئىككى قەۋەتلىك قىشلىق بىناغا كۆزۈڭ چۈشىدۇ. ئاشۇ بوۋاڭنىڭ ھويلىسى بولىدۇ.

مەن بوۋامنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىنى كۆرىمەن، دەپ تىكىلەتتىم. دەم ئۆتمەي بۇ ئۆيىنى ئۇنتۇلۇپ، پۈتۈن خىيالىمنى ئۇزاقلاردا يۈكسىلىپ تۇرغان مۇنارلار، گۈمبەزلەر مەپتۇن قىلىۋالاتتى. تۆپىلىك ئۈستىدە تۇرۇپ ئانام سۆزلەپ بەرگەن ئەپسانىلەرنى ئويلايتتىم. ئۇلارنى ئويلاپ، يىراقتىكى سېھىرلىك شەھەر ـ كوچىلار ۋە مەيدانلارغا بېرىپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قالاتتىم. ئەتراپىمدىن ئاپتوموبىللار ئەمەس، ساۋۇت كۆتۈرگەن، ئەگىنىدىكى تۆمۈر كىيىملىرى يالتىراپ تۇرغان ئالىپ سۈپەت ئاتلىقلار، مەدرىسىدىن ساۋاق ئېلىپ قايتىشىۋاتقان، باشلىرىغا ئاپئاق سەللىلىرىنى ئورىغان، ئاپئاق چەكمەنلارنى كىيگەن تالىبەلەر، تالىبلار ئۆتەتتى. بازاردىن قايتىشىۋاتقان قىشلاق كىشلىرىنىڭ يۈزلىرى توزان باسقان، ئېشەكلىرى ھارغىن ھالدا ماڭاتتى...

* * *

مۇندىن 12 يىل ئىلگىرى بىبىخانىم ھەققىدە داستان يېزىشقا باشلىغىنىمدا قەغەزگە چۈشۈرگەن بىرىنچى يېزىقىم شۇ بولغانىدى: «بۇ داستان بىبىخانىم ھەققىدە ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ تارىخقا بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى بەلگىلەش ھەققىدىدۇر» شۇنداق ئىكەن، بۇ يازمىلىرىم پەقەت بىبىخانىم ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى، 12 يىل ئاۋۋال ئۆتكەن ياشلىقىم، دەريا ياقىسىدىكى باغ، مەمەت يۇسۇپوف ھەققىدە سۆزلىگەن ھېكايىلەر ھەم بولماقچى...

تاشكەنتتىكى ئەمەلىي سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىبىخانىمنىڭ جەسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنىڭ خاتىمىسىنى ماڭا ئۆزبېكىستان تارىخى ۋە قەدىمىي مېمارچىلىق سەنئىتىنىڭ كاتتا بىلىمدانى ـ لازەرىيى ئىززا ئىلىۋىچ رامپەلى ھېكايە قىلىپ بەردى.

مەمەت سالىھوۋىچ يۇسۇپوف دېگەن كىشى سەمەرقەند تارىخ مۇزېيىنىڭ دىرېكتورى ئىدى.

— سىز توناماتتىڭىز؟ — دېدى ئۇ ئۆز ھېكايىسىنى سوئال بىلەن باشلاپ، شۇ ھامان كۆز ئالدىمغا ئورۇقلاپ قېتىپ قالغان بىر كىشىنىڭ سۈرىتى نامايان بولدى. ئەلۋەتتە ئۇنى ياخشى ئەسلەيمەن، تارىخچى ئالىم ئىدى. ئۆز ئىشىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن ناھايىتى كەم سۆز ئىدى. ئۆتمۈش پائالىيەتلىرى ۋە ئۇتۇقلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ سەمەرقەند تارىخى ھەققىدە ھاياجان بىلەن ھېكايە قىلىشنى ياخشى كۆرگەن كىشى بولسىمۇ، ئۆزى ئاساسەن مەنبەئەشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. «بۇخارا ئەمىرلىكىدە ئىش يۈرگۈزۈش ۋە سوت قەغەزلىرى» ماۋزۇسىدا ئىلمىي ئىش قىلغانلىقى يادىمدا.

— ھە، ھە، شۇ ئادەم، — دېدى تەستىقلاپ رامپەلى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكى ئارخىپلىقىدا بىللە ئىشلىگەن. باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتى. دۇنيادا بارلىقىنى سەزدۈرمەي، بىراۋنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي ياشايدىغان ئادەملەر تائىپىسىدىن ئىدى. ئەينەن، مانا شۇنداق كىشىلەر بەزەن ئەقىلگە سىغماس غارايىپ ئىشلارنى قىلىدۇكى، ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن ياقىلىرىڭىزنى تۇتۇپ قالىسىز. بىبىخانىمنىڭ جەسىتىنى سەمەرقەندكە — ئۆز جايىغا يەتكۈز-

گەن ئادەم ئەنە شۇ يۇسۇپوف بولىدۇ، بىلسىڭىز! رامپە-
لىننىڭ ھېكايە قىلىشىچە، يۇسۇپوف سەمەرقەند مۇزېيىنىڭ
دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىنىش بىلەن ئالدىن پىلانلاپ يۈر-
گەن نىيىتى—بىبىخانىمنى ئۆز مەقبەرىسىگە قايتۇرۇش
ھەرىكىتىگە چۈشىدۇ. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغۇچە
كۆڭلى ئورنىغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ۋە تىنچ ياشىيالمايدى-
غانلىقىنى ئۆزى ياخشى بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئالىم ۋا-
قىتنى كۆپ سوزماي تاشكەنتكە ئاتلاندى. تېگىشلىك
بولغان يۇقىرى تەشكىلاتلارغا مۇزېينىڭ مۆھىرى بې-
سىلغان ئىلتىماسلارنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭدا سەمەر-
قەند تارىخ مۇزېيى دىرېكتورى مەمەت سالىھوۋىچ يۇ-
سۇپوفقا بىبىخانىمنىڭ مومىيالانغان جەستىنى سەمەر-
قەندكە ئېلىپ كېلىشكە ئىجازەت بېرىشلىرى سورالغانىدى.
بۇ ۋەقە مېنىڭ بىبىخانىم بىلەن ئۇچراشقىنىمدىن كېيىن،
يەنى 1948 - يىلى بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. بۇنىڭغا قاراي-
كى، يۇسۇپوف ئاخىر نىيىتىگە يەتتى. رۇخسەتنامە ئېلىپ
ئەمەلىي سەنئەت مۇزېيىغا سەمەرقەند مەلىكىسىنى قايتۇ-
رۇپ كەلدى.

6

«داۋاملىق مەكتۇپلار» كىتابى بىلەن تونۇشۇپ بو-
لۇپ، قوشۇمچە مەلۇماتلار ئىزدەش مەقسىتىدە سەمەر-
قەندكە ئاتلاندىم. ئاشۇ كۈنلەر شەھەر مۇزېيى دىرېكتور-
سىز قالغان ئىكەن. مۇزېي دىرېكتورىنىڭ ئورۇنباسارى
بولغان ئايال:

—ئۇ كىجان، مەن بۇ يەردە ئىشلىگىلى ئۇزۇن بول-
مىدى. سىزنى قىزىقتۇرغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىسەم
كېرەك، دەپ قورقىمەن. ياخشىسى سىز گېننادىي ۋاسى-
لېيۋىچنى تېپىڭ، ئۇ كىشى مۇزېيىمىزنىڭ ئەڭ كونا، سا-
لاھىيەتلىك خادىمى بولىدۇ،—دېدى. ئاشۇ كۈننىڭ ئاقى-
گېننادىي ۋاسىلېيۋىچ پوپوفنى ئىزدەپ تاپتىم. بىبىخانىم
بىلەن يۇسۇپوف ھەققىدە گەپ باشلىشىم بىلەن بوۋاينىڭ
كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى. كېيىن خىرقىرىغان ئاۋازى
بىلەن پىچىرلىدى:

—ئۇھ! مەن بىبىخانىمنى كۆرگەنمەن...

ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان قاپلاپ كەتتى.

—بۇ ۋەقە،—دەپ سۆز باشلىدى بوۋاي،—مەمەت
سالىھوۋىچ يۇسۇپوف بىبىخانىمنىڭ مۇمىيالانغان مۇردى-
سىنى سەمەرقەندكە ئېلىپ كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈز
بەرگەنىدى... يۇسۇپوف، بەك غەيرەتلىك كىشى ئىدى-
دە، ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئىشلەشنى ياقتۇراتتى. دەسلەپ
رۇس تۈزۈم (تەربىيە) مەكتىپىدە ساۋاتىنى چىقارغانىدى.

پوپوفنى قاتتىق يۆتەل تۇتتى. چالىنىڭ ئورۇق بار-
ماقلىرى ئارىسىدا چوغلىنىپ تۇرغان تاماكىنىڭ كۈلى
يەرگە تۆكۈلۈپ چېچىلىپ كەتتى. يۆتىلى تىندى. نېمە
بولدى، گەپنى پۈتۈنلەي باشقا ياقتىن باشلىدى.

—سەن بالا، كۆپ گەپنى بىلمەيسەن، سەمەرقەند
مۇزېيىغا كەلگىنىمدە ياشقىنا يىگىتچاق ئىدىم، قانچە ۋا-
قىت ئۆتتۈپ كەتتى،—ياشىنىپ چاناقلىرى يۇمشاپ كەت-
كەن چالىنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشلاندى، —سەمەرقەند
مۇزېيىدەك باي مۇزېيى ئىنتىپاقتا كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ.
ئەمىر تۆمۈرنىڭ، تۆمۈرى شاھزادىلىرىنىڭ شەخسىي بۇ-
يۇملىرى، لىباسلىرى، قورال - ياراغلىرى بار ئىدى.
شۇنداق قەدىمىي كىتابلار بار ئىدىكى، بېزەكلىرىنى كۆر-
سەڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزىڭنى ئېچىپ قالىسەن. ناھايىتى
كۆپچىلىكى تىللا ساندۇقچە، مەخسۇس غىلاپلاردا ساقلى-
نىدىكەن. بۇ سۈپەتلىك نادىر ۋە قىممەتلىك بۇيۇملارنى
ئۆمرۈم بىنا بولۇپ، باشقا ھېچقانداق مۇزېيدا كۆرۈپ
باقمىغانىدىم،—چال جىمىپ قالدى. چۈنتىكىدىن يەنە
تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

—بالام، ھازىر ئۇ نەرسىلەر مۇزېيدا يوق. ھەممىسى-
نى، ھە، ھە، ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىشتى. «ياخشى قوغ-
دالمايدۇ» «تەئمىد قىلىمىز»، «كۆرگەزمىگە كېرەك»-
دېگەندەك مىڭ خىل باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرستىپ،
مەركىزىيمۇ زېيىغا، ئاساسەن لېنىنگرادتىكى كۆرگەزمىگە،
موسكۋادىكى قورال - ئەسلىھەلەر پالاتاسىغا توشۇپ كې-
تىشتى، بەرنى!...

پوپوف ئەمدى ئېنىق ھالدا يىغلاشقا باشلىدى. ئە-
زەلدىن چوڭ ئادەملەرنىڭ مۇنداقلارچە يىغلىغانلىقلىرىنى
كۆرمىگەنىدىم. نېمە قىلىشنى ۋە قانداق تەسەللى ئېي-
تىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدىم. چال بىر ئازدىن كېيىن
بىر ئاز تىنچلاندى - دە، چوڭقۇر خورسىنىش ئارىلاش
داۋام قىلدى.

—بىبىخانىمنىڭ مۇمىيالانغان جەستى تاشكەنتتە ئە-
دى. يۇسۇپوف ئۇنى سەمەرقەندكە قايتۇرۇپ كېلىشكە

قاتتىق ئىرىشتى. راسا بىر ئاي سەمەرقەندتە، بىر ھەپتىدىن ئوشۇق تاشكەنتتە ئىدارىمۇ ئىدارە چاپتى. بىچارە ئاخىر رۇخسەت ئالدى... زور ئادەم ئىدى. نىھايەت توشۇپ كېتىلگەن مۇزېي بۇيۇملىرىلا قايتىدىغان بولدى، دەپ ناھايىتى قۇۋانغانىدىم. بىراق، مىلىك ئەپسۇسكى، بۇ نەرسە ھازىرغىچە ئارزۇ پېتىچە قەپقالدى.

7

يۇسۇپوف ئاخىر نىيىتىگە يەتتى. ئىجازەتنامە ئېلىپ، ئەمەلىي سەنئەت مۇزېيىغا تۇران مەلىكىسىنى قايتۇرۇپ كەلدى. مۇمىيالانغان مەلىكە مۇردىسىنى ئايروپورتتا ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. يۈك ماشىنىسىغا قاچىلاي دېسە، يوللار ئېگىز - پەس، قاتتىقراق سىلكىنىپ كەتسە جەسەت چېچىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ھارۋىغا ئېلىش تېخى يارىمايدۇ. ئاخىر مەمەت سالىھوۋىچ مەدىكار بازىرىغا بېرىپ ھاممال ياللاشقا قارار قىلدى. «بىبىخانىمنى تەختىراۋاندا ئېلىپ بارىمەن»دەپ ئويلايتتى يۇسۇپوف، كونىشەھەر بازىرىدىكى ئۇستىلارغا دەپ تاۋۇتقا مۇۋاپىق بولغان زەمبىل ياساتتى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر تۆت ھامال تېپىلدى - دە، ئۇلارنى شېلگاۋىچنايا كوچىسىغا ئەمەلىي سەنئەت مۇزېيىغا باشلاپ كەلدى. مۇمىيالانغان مۇردا تۇرغان ئۆكەك (مۇردا ساندۇقى)نى «تەختىراۋان»غا جايلاشتۇردى - دە، كۆتۈرۈپ يولغا چۈشتى. يۇسۇپوف: «ھاي، ھاي، ئاستىراق، قاتتىق سىلكىنىپ كەتمىسۇن» دېگىنىچە دۇنيانىڭ يېرىمىنى تەۋرەتكەن جاھانگىرنىڭ «جۈپتى»نىڭ جەستىنى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان ئەزىمەت ھامماللارنىڭ يېنىدا پىلدىرلاپ باراتتى. ھەر دەقىقىدە گۈزەل مەلىكىنىڭ ئۇستىخانلىرى چېچىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ھالدا بىتاقەت بولاتتى. يولدا ئۇچرىغان ئادەملەر يۈزلىرىگە پاتىھە تارتىشاتتى. بەزىلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ تاۋۇت دەستىسىنى يەلكىسىگە ئالماقچى بولاتتى. يۇسۇپوف بولسا بۇنىڭغا يول قويمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەيران - ھەس قېلىشاتتى. ئەمما كۆپچىلىك بۇ بەشەيلەنگە، ئۇلار كۆتۈرۈۋالغان «تەختىراۋان»غا ئىختىيارسىز كۆز تاشلاپ ئۆتۈشەتتى. بۇنى كۆرۈپ يۇسۇپوفنىڭ ئىچى قىزىپ، تاۋۇتتا كىمنىڭ جەستى بارلىقىنى جار سېلىپ قويۇشتىن ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ با-

راتتى.

ھامماللار بەشياغاچقا يېتىپ كېلىپ، ئازراق ئارام ئېلىش ئۈچۈن زەمبىلنى يەرگە قويۇشقاندا يۇسۇپوفنىڭ سەۋرىسى تۈگىدى. سىرنى ئاچتى. ئۇ بۇ يېڭىلىق بىلەن يىگىتلەرنى ھەيرەتكە سېلىشقا، ئۇلارنى قانداق ئۇلۇغ شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇپ كېلىشىۋاتقانلىقلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشقا ئالدىرىغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ قېتىم ھەم ئىلمىگە چوڭقۇر بېرىلىپ كەتكەن ئالىملارغا خاس ساددىلىق ھالىتىگە بېرىپ قالغان ۋە قاتتىق يېڭىلىشكەندى. يولبويى ھاممال شېرىكلىرىگە بۇيرۇق ۋە تەنبىھ بېرىپ كېلىۋاتقان، ئۆز - ئۆزىدىن ئۇلارغا باش بولۇۋالغان سېمىز بىر كىشى شېرىكلىرىگە سىرلىق ھالدا بىر قاراپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى خۇنۇك ئىدى. يول داۋامىدا قىسقا - قىسقا بۇيرۇق بېرىشتىن باشقىغا ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىدىن بىلىنمىگەنىكەن:

ــــئەمدى، ئاكا، بىزنىڭ ھەققىمىزنى ئازراق ئاشۇرسىز، ــــئۇ يۇسۇپوفنىڭ ھەيرانلىق بىلەن داڭقېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە داۋام قىلدى، ــــكۆنمىسىڭىز ئۆزىڭىز كۆتۈرۈپ كېتىۋېرىسىز.

ھامماللارغا ئەمىر تۆمۈر بىلەن بىبىخانىم ھەققىدىكى ئاجايىپ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە تەييارلانغان يۇسۇپوفنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

8

يۇسۇپوف ھامماللارغا بار - يوق پۇلىنى، كەم يېرىگە سائەت ۋە كاستيۇمىنىمۇ بېرىپ مۇتتەھەملەرنى ئاران كۆندۇردى ۋە مىلىك بىر غوۋغا بىلەن قونالغۇغا يېتىپ كەلدى. ئەمدى ئايروپىلانغا بېلەت ئېلىشى زۆرۈر ئىدى. بىر ھەپتىلىك يۈگۈر - يۈگۈردە كۈچ - ماغدۇرى قالمىغان يۇسۇپوفنىڭ بىرىنچى قېتىم ئامىتى يۈرۈشتى. قونالغۇ باشلىقى تارىختىن ئانچە - مۇنچە خەۋەردار كىشى ئىكەن. يۇسۇپوفنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاش بىلەن: «بۇ تەرىپىنى بىزگە قويۇپ بېرىڭ» دېدى ۋە ئالدىدا بىبىخانىمنى كۆرسىتىسىز، دەپ تۇرۇۋالدى. «ياق»دېيىشىنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى. يۇسۇپوف نائىلاج كۆندى. قاش قارايماقتا ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، يۇسۇپوفنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئادەملەر تىقىلىپ

كەتكەن قونالغۇ بىناسىنىڭ ئىچى خىرە ـ شىرە يورۇتۇل-
غان. هاۋاسى دىمىق، تاماكا تۈتۈنىگە تولغـان مـۇنـداق
دوزاختا تۈنىنى ئۆتكۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر نەپەسلىك
پۇرسەتتە تۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلىپ،
يۇسۇپبوف خوجايىننى بىبىخانىمنىڭ جەستى ياتقان ئامبار
تەرەپكە باشلاپ كەتتى. تۆمۈرنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ
جەستىنى كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولغانلىـقـىدىن
مەمنۇن بولغان باشلىق قىلغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى
ۋە ۋارقىراپ ـ جارقىراشلارغا قارىماي، تۈرلۈك سەۋەب-
لەرنى كۆرستىپ بىر نەچچە يولۇچىنى ئەمەلدىن قالدۇر-
دى. يۇسۇپبوف بىلەن بىبىخانىمنى جايلىدى، ئاشۇ يىللار-
نىڭ ئەڭ مەشهۇر ئۇچارغـۇسى بـولـغـان «ИЛ - 2»
(ئىل ـ 2) سەمەرقەندلىك تارىخ تەلۋىسىنى يەتتە كۈن
يۈگۈرتكەن پايتەختنى پەستە قالدۇرۇپ، يېرىم دۇنيانى
دىر ـ دىر تىترەتكەن جاھانگىرنىڭ مەشهۇر جايى، ئالەم
پايتەختى، سەيقەلى زېمىن ئاتالغان سەمەرقەندكـە قـاراپ
ئۇچتى.

يۇسۇپبوف بەختىيار ئىدى، ئەمما ئۇنى قانچە ـ قانچە
تەشۋىش ۋە غەلۋىلەر كۈتۈپ ياتقانلىقىنى ئۇ تېخى بىل-
مەيتتى.

9

تەييارە (تېز يەتكۈزۈلىدىغان قاتناش) سەمەرقـەنـد
قونالغۇسىغا يېرىم كېچىدە قوندى. يۇسۇپبوف مۇزېيغا تې-
لېفون قىلىشنى ئويلىدى ـ يۇ، لېكىن مۇزېينىڭ ئىختىيا-
رىدىكى يالغۇز ماشىنا ـ يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ھەيدىگۈ-
چىسى شۇ پەيتتە ئۆيىدە سېمىز خوتۇنىنىڭ قوينىدا مۇ-
شۈكتەك خورۇلداپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قى-
لىپ، پىكرىدىن ياندى ۋە قونالغۇ بىناسى ئالدىدىكى كى-
چىك مەيدانغا كېلىپ، غۇجمەك ـ غۇجمەك يۇلتـۇزلارغـا
تىكىلگەن ھالدا سەمەرقەند مەلىكىسىنىڭ تاۋۇتىنى قۇ-
چاقلاپ تاڭ ئاتقۇزدى. تېخى ئەتراپ يورۇماي تۇرۇپ،
خۇددى پاشا ئاۋازىدەك بىر تاۋۇش ئاڭلاندى. ئۇزاق
ئۆتمەي شالىقى چىققان يۈك ماشىنىسى كـۆرۈنـدى. بـۇ
ئەتتىگەنلىك تەشارەدە پايتەختكە ئۇچىدىغان رەئىس با-
بانى ئۇزىتىپ چىققان كولخوز ماشىنىسى ئىدى. رەئىس
بابانىڭ يۈكىنى قونالغۇ بىناسىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگۈ-
زۈپ، خەيرلىشىپ قايتىپ چىققان ياشقىنا يىگىت ماشىنىسى

ئالدىدا بىر چىمدىم ناس ئېتىپ ئېلىش ئۈچۈن توختى-
دى ـ يۇ، ئۆزى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان چاچلىرى
توزغاق، كۆزلىرى قانتالاش كىشىنى كـۆرۈپ قـورقـۇپ
كەتتى. «دىۋانە!» كابىنكا ئىشىكىگە يېپىشتى، ئەمما ئى-
شىكنى ئېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. «دىۋانە»ئۇنىڭ قولىدىن
شاپپىدە تۇتتى. كېيىن قانداقتۇر بىبىخانىم، قانداقتۇر مۇ-
مىيالانغان جەسەت ياتقان ئۇكەك، شۇ ئۇكەكنى قاياققىدۇر
ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ھولۇقۇپ، تاغدىن ـ
باغدىن سۆزلەپ كەتتى. بالدۇر ناھايىتى قاتتىق چۆچۈپ
كەتكەن بولغاچقا ھېچنىمىنى چۈشەنەلمىگەن يىگىت، بىر
ئاماللاپ ئۇنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدى-
دى. بىراق، ھەرىكەتلىرى زايا كەتتى. چىڭ سىقىـلـغـان
بارماقلار ئۇنى قويۇپ بەرمىدى. ئاخىر گەپنىڭ مۇددىئا-
سى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاز ـ تولا ئاڭقىرغان يىگىت، بۇ
ئادەمدىن پەقەت ئۇ ئېيتقان مەنزىلگە ئېلىپ بارسىلا قۇ-
تۇلۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندى. ئىككىسى بىرلىشىپ
ئۇنى قىلىپ، بۇنى قىلىپ دېگەندەك تاۋۇتنى ماشىنىغا
ئېلىشتى. ماشىنا غىڭىلداپ، تۆمۈر سۆڭەكلىرى قىسىرلاپ
يولغا چۈشتى. ئاشۇ كېچە ئاي تولغانىدى. تولۇن ئاينىڭ
تىللارەڭ شولىلىرى ماشىنا كېسىپ ئۆتۈۋاتقان ئادەمسىز
ئافراسىياپ بوتەزارلىرىنى، دۆڭ ـ تۆپىلـەرنى، ئـوي ـ
چوڭقۇرلارنى خۇددى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. شۇنچە
بىپايان ئادەمسىز جايدا تەنھا يۈك ماشىنىسىنىڭ لەپەڭلىگەن
قارا شەپىسى ۋە زورىقىپ غوڭۇلداشلىرىلا تىرىكلىكـتـىن
دالالەت بېرىپ تۇراتتى. كوزۇپتا بىبىخانىمنىڭ جەستى
ياتقان ئۇكەكنى سىلكىنىپ كېتىشتىن ئەنسـىـرەپ ئـۇنى
قۇچاقلاپ ئولتۇرغان يۇسۇپبوف باھار كېچىسىنىڭ نەقەدەر
سوغۇق بولىدىغانلىقىنى قايتا بىر قېتىم سەزدى.

قەدىمىي ئافراسىياپ گەرچە ئادەمسىز ۋە ھۇشقۇرۇپ
ھۇۋلىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئويغاق ئىدى.

باھار نەرسىسى ئاللىقاچانلا ئۇنى ئويغىتىپ، باغرىدىن
ئۈنۈپ چىققان مايسىلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئىللىق شەربەت
پەيدا قىلىشقا باشلىغانىدى، شۇ ئويغىنىش تۈپەيلى ھاۋانى
مىڭ تۈرلۈك ئوت ـ ئۆلەڭلەرنىڭ ھىدلىرى قاپلاپ كەت-
كەن، جىلغا ـ ئۆڭكۈرلەردە، ئارخېئولوگلار قېزىپ تاش-
لاپ كەتكەن چوڭقۇرلاردا مايچېچەك ۋە چۈچمـامـەلـەر
ئۈنۈپ چىققان. ئېگىز ـ پەس تۆپىلىكلەردە، چىمزارلاردا

ماي چېچەكلەر، لالە قىزغالداقلار، بىنەپشىلەر گۈل ئېچە-
لىشقا باشلىغان. ئېتىكىدىكى ئابى رەھمەت ساھىلىنى يال-
پۇزلار، سەمەرقەندچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، پۇدىنىلەر
باسقانىدى. بۇ ئوت - ئۆلەن ۋە گۈل - چېچەكلەرنىڭ
بىرى يۇنان نەيزىسىدىن يېقىلغان ئالپ يىگىت، بىرى
ئەرەب قىلىچىدىن يەر چىشلىگەن ئاقساقال قېرى. يەنە
بىرى موغۇللارنىڭ ساداقلىرىدىن ئۇزۇلگەن ئوق يۇرد-
كىگە قادالغان ئۆسمۈر بالا، بىرى چار ئەسكەرلىرىنىڭ
ملتىقىنىڭ ئوقىغا ئۇچرىغان بىچارە كەمپىر ئىكەنلىكىنى
ئافراسىياپتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ قەدىمىي تۇپ-
راقنىڭ ۋۇجۇدىدا تالانچىلار ۋە ئارخېئولوگلار قېزىپ
تاشلىغان مەيدانلاردا چېچىلىپ ياتقان رەڭگارەڭ ساپال
سۇنۇقلىرىدەك مەڭگۈ پۈتمەس ئارمانلار يوشۇرۇنغانە-
دى. شۇ تۇپەيلى بولسا كېرەك ئۇ، ئەنە ئاۋۇ شالاقشىپ
كېلىۋاتقان يۈك ماشىنىسىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى ئەمەس، بىر
ۋاقىتلىرى شۇ ئېدىرلاردا ئات چاپتۇرۇپ چېچەكلەر تەر-
گەن مەلىكىنىڭ ئاۋۇتنى قوچاقلاپ ئولتۇرغان ئىنسان
يۈرىكىنىڭ بىتاقەت ھالدىكى تىنىشلىرىنى ئاڭلار ۋە بۇ
تىنىشلەردە ئۆز ئارمانلىرىدا يۇكسەك ھېسلارنىڭ بارلىقە-
نى سېزىپ، نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتار ئىدى. ئافراسىياپ
ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار توپ - توپ بولۇشۇپ ئوينايتتى.
يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان تاڭ شاملى ئۇرۇلۇپ، قارا ئاسمان
بىلەن قارا زېمىن ئۇلانغان سىزىقلار بوزىرىپ ئاجرىلە-
ۋاتقان جايلاردا شولا پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. بۇ شولا
تۆپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، سۇنۇپ قالغاندەك بو-
لۇپ، ماشىنا ئۆمىلەپ تۆپىگە چىققاندا يەنە پىلدىلداپ
تاۋلىنىشقا باشلايتتى. يۇسۇپبوفنىڭ كۆكسىگە سەلكىن
شاماللار ئۇرۇلاتتى. ئەگەر يۇسۇپبوف شۇ تاۋۇت بىسلىغان
ماشىنىنى توختىتىپ، قولاق سالسا ئافراسىياپنىڭ قەھرد-
دىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلغان ئېغىر سۆكۈناتنىڭ
نىداسىنى ئاڭلىغان بولاتتى. بۇ ئېغىر نىدا ھەر قانداق
ئادەمنى تەھلىكىگە سالاتتى. ئەگەر كىمدە - كىم بۇ نىدانى
بىرەر قېتىم ئاڭلىسا، ناھايىتى يىراقلارغا - دۇنيانىڭ نې-
رىقى بېشىغا كەتسىمۇ، بەربىر ئۇنىڭ دەھشىتىدىن قۇتۇ-
لالمايتتى. بۇنىدا زېمىن قەھرىدىن بۇلاق سۈيىدەك ئېتە-
لىپ چىقىپ، كۆھقاپ غارلىرىنى قۇرۇقداپ ياتقان دىۋە-
لەردەك، ئېغىر - ئېغىر، سۇرلۇك - سۇرلۇك قەدەم تاش-
لاپ، سەمەرقەند چېگرىسىغىچە يېيىلىپ باراتتى ۋە قور-
غان تەرەپتىن كىملەرنىدۇر تىنماي ئۆز ھۇزۇرىغا چاقە-
راتتى. ئەگەر يۇسۇپبوف ماشىنىنى توختىتىپ بىردەم ئەت-
راپقا قولاق سالغىنىدا كونا زېمىن قەھرىدىن كېلىۋاتقان
ناھايىتى بىھېساب ئادەملەرنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىغان
بولاتتى. ئەمما تاڭ سۆكۈناتىنى بۇزۇرۇپ بېرىۋاتقان ما-
شىنىنىڭ شەپقەتسىز، يېقىمسىز شاۋقۇنى بۇ ئاۋازلارنى
بېسىپ كېتەتتى. ئافراسىياپ قەھرىدىكى ئادەملەر تىرىك-
لەرنى چاقىراتتى. تىرىكلەر بولسا ئۇلارنىڭ بارلىقىنى
بىلمەيتتى، سەزمەيتتى خاتىرجەم ئۆتۈپ قايتىشار ۋە بىمالال
ياشاۋېرەر ئىدى. ماشىنا پەسكە شۇڭغۇپ ئالدىدىكى ئې-
گىز ئېدىرغا كۆتۈرۈلدى. خۇددى شۇ يەردە، يولنىڭ چەپ
قىرغىقىدىكى ئېدىر تۆپىسىدە ياپيېشىل گىياھلار ئارىسىدا
قىپقىزىل لالە قىزغالداق شامالدا تەۋرىنىپ، شەھەر تە-
رەپكە كېتىۋاتقان يۈك ماشىنىسىغا ھەيرەتلىنىپ باقاتتى.
بۇ چىڭگىزخاننىڭ پاكىنەك ئەسكەرلىرى شەھەر كۆتۈپ-
خانىسىغا ئوت قويغاندا، ياڭقۇن ئىچىدىن بىر كىتابنى
تارتىپ ئېلىپ، كۆكسىگە بېسىپ قېچىشقا تەمشەلگەندە
ئاتلىق موڭغۇل ئەسكىرىنىڭ كامانىدىن چىققان ئوقتىن
ھالاك بولغان بالا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمدە - كىم شۇ
لەھزىدە ئۇپپىيالدەك بولۇپ ئېچىلىپ تۇرغان مەھەلدە
كېلىپ ھىدلىغاندا ئىدى، ئۇنىڭدىن تۈمۈر ۋە قان ھىدى
كېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. لالەقىزغالداق ھەيرەت ئىچىدە
تىكىلەتتى. ئۇ بۇگۈن ئېچىلغاندا دۇنيانى تۇنجى قېتىم
كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەر باھاردا قايتا ئۈنۈپ چىقسىمۇ،
ئۆتكەن كۆكلەملەرنى ئۇنتۇيدۇ ۋە بۇ يورۇق دۇنيانى
تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرغاندەك ھەيرەتكە چۈشىدۇ. تۆ-
پىگە كۆچىنىپ يامىشىۋاتقان ماشىنا ماتورى بوغۇق ئاۋازدا
غۇڭگۇلدايدۇ. بۇ غۇڭگۇلداشنىڭ باراۋەرىدە قىلىچ ۋە قال-
قانلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى بىلەن كامانلاردىن ئۇچ-
قان ئوقلارنىڭ ۋىشىلداشلىرى ئاڭلانغاندەك بولىدۇ. شۇ
سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك، ھېلىقى لالەقىزغالداق تىت-
رەپ - قاقشاپ مايسىلار ئارىسىغا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەبەدىيلئەبەد ئۆلمەيدىغان
بالا قورقۇنچىسى ئويغانغانىدى.

ماتور ئىچىدىن چىققان ئاۋاز لالە قىزغالداقنىڭ نەزد-
رىدە پۈتۈن ئالەمگە، يەر ۋە ئاسمانغا، تاغۇ تاشلارغا،

MIRAS

گۇل ۋە چېچەكلەرگە، ئاي ـ يۇلتۇزلارغا، ئۇنىڭ ئۆزىگە،
«سېنى ئۆلتۈرۈشكە بېرىۋاتىمەن» دەپ تەھدىت قىلاتتى.
لالەقىزغالداق (بالا) جامائە مەسچىت بىلەن كۇتۇپخانىنىڭ
لاۋۇلداپ يېنىۋاتقانلىقىغا زوقلىنىپ تىكىلىپ ئولتۇرغان،
سۇ كۆرمىگەنلىكتىن بەتلىرىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن،
بەدجەھىل ئادەملەرنى ئەسلىدى. ئۇلارنىڭ پىشۇرۇلمىغان
گۆش ۋە قېنى، قېتىپ قالغان لەۋلىرى ئارىسىدىن چىقـ-
ۋاتقان تۈكۈرۈكلۈك، بوغۇق قىچقىرىشلىرىنى ئېـنىـق
ئاڭلىغاندەك بولدى. مەسچىت بىلەن كۇتۇپخانا ئەتراپىدا
ئۇستىمۇئۈست قارىشىپ ياتقان مۇردىلار ـ ئېنىقراقى، ئا-
نىسى ۋە ئۇكىلىرىنىڭ جەسەتلىرى ئاستىدا تىرىك قالغان
بالا ئىمىلەكلەپ چىقىپ، باھار شامىلىدىن بەكرەك ئەۋج-
لىنىپ يېنىۋاتقان كىتابلارنىڭ بىرىنى قوينىغا يوشۇردى.
كېيىن ئىرغىپ تۇرۇپ قېچىشقا باشلىدى. شۇ زامات مەيـ-
دانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئات مىنىپ تۇرغان، كۆزلىرى يىرتـ-
قۇچلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئەسكەر ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ
قىلىچىنى يالىڭاچلىدى. كېيىن بالىنى قوغلاشنى ئۆزىـگـە
ئەپ كۆرمەي، يەلكىسىدىن ساداقنى ئېلىپ، چەنلەپ ئوق
ئۈزدى. قېچىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قارىغان بالا ۋىژىلـ-
داپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقنى كۆرۈپ، بار ئاۋازى بىلەن
«ئانىجان...!» دەپ توۋلىدى... ئافراسىياپ تەرەپـتـىن
چىقىۋاتقان شامال ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئېلىپ ئاسمانغا ئۇچتى.
لالەقىزغالداق ھەر كۆكلەمدە ئۈنۈپ چىقار، ھەر كۆكلەم
ئوتتۇرىسىدا يىراق تاغ تەرەپتىن گۈپۈلدەپ كېلىۋاتقان
شامال ئېلىپ كەلگەن «ئانىجان!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ
يەرگە ئېگىلىپ ئالار ۋە نىمجان ۋۇجۇدىنى بولسا تىتـ-
رەك چوڭغار ئىدى. ئاشۇ شامال كېلىدىغان پۇرسەت يېقىن
ئىدى. ئەمما چېچەك تېخى بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ
بۇ لەھزىدە تۆپىگە كۆچىنىپ چىقىۋاتقان ماشىنا ماتورىنىڭ
غوڭۇلدىشى بىلەن ئاڭلىنىۋاتقان سوغـۇق سـادالارنـىڭ
تەھدىتىدىن قورققان، يەرگە قاپىشىۋالغانىدى. ئۇ بۇ سو-
غۇق سادالىرىنى تىڭشايتتى. قورقۇنچىدىن بېشى ئايلىنىپ،
بىر نەرسىنى زوۋىلەن ئەسلەشكە ئۇرۇناتتى. بۇ شەپقەتسىز
ئاۋازلارنى قەيەردە ۋە قاچان ئاڭلىغانـدى؟ قـورقـۇنچ
سېزىمى ئۇنىڭ خاتىرىسىنى توختاۋسىز قالايمىقان قىلىپ
تاشلىغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بالا كۆزلىرىدە قەھر ۋە
سوغۇق ئوت يانغان، تېزەك ھىدى چىقىپ تۇرغان بەد
جەھىل كىشىلەر تىرىپ ئوتتۇرىسىدا قورقۇپ تۇرار ئىدى.

شۇ قورقۇنچ تۈپەيلى ئۇنىڭ خاتىرىسى خىرەلىشىپ، بىر
نەرسىنى زورمۇ زور ئەسلەشكە ئۇرۇناتتى. بۇ قورقۇنچ-
لۇق ۋە شەپقەتسىز ئاۋازلارنى قايەردە ۋە قاچان ئاڭلى-
غانىدى؟ يۇسۇپبوف يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان ماشىنا ئۈستىدە
تۇرۇپ، يۇمۇق كۆزلىرىنى زومۇ زور ئېچىپ ئاسمانغا
باقتى. قاپقارا ئاسماندا يۇلتۇزلار توپ ـ توپ بولۇپ كۆ-
رۈنەتتى. يىراقتىكى تاغ تەرەپتىن گۈپۈلدەپ چىقىپ كې-
لىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلۇۋاتقان شامالنىڭ شىددىتى
كۈچەيگەندەك بولدى. شۇ پەيتتە قانداقتۇر بىر مەھزۇن
نەرسە يادىغا چۈشكەندەك يۈرىكى قىسىلدى ۋە چوڭقۇر
ئاھ تارتتى.

بۇ مەھزۇن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمى-
دى. چۈنكى، تۆت چاقنىڭ تەسرىدە ئۇنىڭ مېڭىسىدە
قويۇق زۇلمەت پەيدا بولغان. ئۇ يالت قىلىپ پەيدا بولغان
پىكرىنى يىغىپ ئۈچۈرەتتى. يۇسۇپبوف قانچىلىك ئۇرۇن-
مىسۇن، ھەرىكىتى زايا كەتتى. ئۇ كۆڭلىنى بىئارام قىلغان
قايغۇلۇق نەرسىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن يولنىڭ چېتىگە كۆز
تاشلىدى. بوزىرىپ بېرىۋاتقان تاڭ يورۇقىدا يول پىچاق
كەبى كېسىپ ئۆتكەن ئېدىرنىڭ تۆپىرەكىدە، ياپيېشـىل
مايسىلار ئىچىدە پىيالىدەك كېلىدىغان لالە قىزغالداقنىڭ
تاۋلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. «كىمنىڭ قىسمىتى بۇ؟»
دەپ ئويلىدى ئۇ. بۇ سوئالنىڭ ئۇنىڭ خىيالىغا قانداق
كەلگەنلىكىنى تېخى بىلمەي، گۈپۈلدەپ چىقىۋاتقان شامال
كۆكسىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، قۇلىقى
ئاستىدا «ئانىجان!» دېگەن شىددەتلىك بىر پەرياد ياڭ-
راپ كەتتى. ھە، ھە ئېنىق ياڭراپ كەتتى. قورقىنىدىن
بىبىخانىمنىڭ جەستى ياتقان ساندۇقا يەنىمۇ قاتتىق يې-
پىشتى. ئاسمان يەنىمۇ ئاقىرىشقا باشلىدى. شەرق تەرەپ-
تىكى تاغلارنىڭ تۆپىسىدە توپلىشىپ ياتقان بولۇتلار يې-
رىم قىزىل رەڭ بىلەن چۇلغىنىشقا باشلىدى. كارۋان ـ
كارۋان بولۇتلار كىچىدىن بېرى تىنىق تارتىپ يـاتـقـان
ئاسماننى ئاستا ـ ئاستا بېسىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.
قۇشلار ئويغىنىدىغان چاغ ئىدى. يورۇق ئاشقانىسـىـرى
چارچاپ قالغان يوسۇپوفنىڭ يۈرىكى باھار تەنتەنـىـسى
بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدى. پەقەت ئافراسىياپ ئەمەس،
پۈتۈن تەۋەلىكتە، كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشـقـا قـاراپ
ئېقىۋاتقان زەرەپشان مەۋج ئۇراتتى. تۆمۈرنىڭ ئـامـان
قالغان باغ ـ ۋارانلىرىدا، جەنۇب تەرەپتىكى چوققىلىرىنى

ئاپئاق قار بېسىپ ياتقان تاغلاردا، كانگىل ئەتراپىدىكى
قىشلاق ھويلىلىرىدا، سۇياب، دەرغام ساھىللىرىدا، چوپان
ئاتا ئەتراپلىرىدا، دالىلارنى قاپلاپ ئۆلگۈرگەن سەبزە
مايسىلىرىدا، غۇنچىلىرى تۈگۈلۈشكە باشلىغان ئەتىر
گۈللەردە، سۇلىرى يوللارغا تېشىپ تۇرغان ئېرىقلاردا،
مازارلاردىكى يېڭى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە ئېگىلىپ شا-
ۋۇللىغان چىلان ـ جىگدىلەردە، ئۇلۇغبېك رەسەتخانىسى
جايلاشقان تۆپىلىك ئۈستىدە تەڭمۇتەك نۇر چېچىۋاتقان
دۇنيادىكى ئەڭ يورۇق يۇلتۇزلاردا، شەرق تەرەپتىن
سىلجىپ كېلىۋاتقان قاپقارا بولۇتلاردا ۋە يۈك ماشىنىسى
ئۈستىدە ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېلىۋاتقان بىبىخانىم جەستى
ياتقان ساندۇقنى مەھكەم تۇتۇۋالغان يۇسۇپوفنىڭ قەلبى-
دىكى ھەسرەتلىرىدىمۇ كۆكلەم تەنتەنە قىلاتتى. يۈك ما-
شىنىسى قونالغۇدىن يولغا چىقىپ بىر سائەت دېگەندە
مۇزبېغا يېتىپ كەلدى. يۇسۇپوف تاڭ سەلكىنىدە مىشى-
داپ ئۇخلاپ ياتقان مۇزبېي قاراۋۇلنى قاتتىق ئويغىتىپ،
ئىككەيلەن ساندۇقنى ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كىرىشتى. ئۇ
ئۆزىنى ئەكەلگەن يېگىتكە قۇرۇق رەھمەت ئېيتىۋاتقاندا
خىجىل بولۇپ كەتكەن يۇسۇپوف تۈزۈت ئەتمەي ئۇنى
ماشىنىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. قايتىپ قاراۋۇلخانىغا كىرىپ
قاراۋۇل چال سۇنۇپ بەرگەن چاينى ئىچە ـ ئىچمەي
ئۇخلاپ قالدى. ئۇ قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.
ئەمما غوگۇر ـ غوگۇر تاۋۇشلاردىن ئويغىنىپ كەتكىنىدە
كۈن يورۇپ كەتكەنىدى. نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى
بىلىشكە ئورۇنۇپ كۆردى، قۇلىقىنى قانچە تىڭشاپ باق-
سىمۇ، ھېچنىمىنى ئاڭقىرالمىدى. پەقەت غوگۇر ـ غوگۇر
تاۋۇشلارنىلا ھېس قىلدى خالاس. قېتىپ قالغان ھارغىن
گەۋدىسىنى يېيىپ كېرىلىش ئۈچۈن قىبرىشا ـ قىبرىشا
تاشقىرىغا چىقتى ـ يۇ، ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. مۇزبېي
دەرۋازىسىنىڭ ئالدىنى ئادەم بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇنى
كۆرۈپ ئالامان ئىچىدىن نېمىلەرنىدۇر ئېيتىپ ۋارقىراشقا
باشلىدى. ئۇ بۇ ۋارقىراشقان ئادەملەرنى تونۇغاندەك
قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى. مېڭى-
سىنى چۇلغۇۋالغان قويۇق زۇلمەت تېخى تارقىمىغانىدى.
شۇ چاغ مۇزبېينىڭ كىچىك ئىشىكىدىن بەش ـ ئالتە مى-
لىتسىيونېر (خەلق ساقچىسى) كىرىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدا شەھەر مىلىتسىيەسىنىڭ باشلىقىمۇ بارلى-
قىنى كۆرۈپ يوسوپوفنى ۋەھىمە باستى. «نىھاتىكى، مۇ-
زىبېغا ئوغرى كىرگەن بولسا؟ ئاخىر... ئوغرىلىنىدىغان
نەرسىلەرنى ئاللىقاچان ئوغرىلاپ كېتىشكەن ـ غۇ!» دەپ
ئىڭىرىدى ئۇ ئىچىدە ئەلەم بىلەن.

ـــ بىبىخانىم قەيەردە؟!ـــ دەپ سورىدى شەھەر مىلى-
سىيەسىنىڭ باشلىقى...

**10**

ھېلىغىچە گەپنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي
گاڭگىراپ تۇرغان يۇسۇپوف مىلىتسىيونېرلارنى ئىچكى-
رىگە باشلاپ كىرىپ تاۋۇت جايلاشتۇرۇلغان ساندۇقنى
كۆرسەتتى.

ـــ ئېچىڭلار!ـــ دېدى، شەھەر مىلىتسىيەسىنىڭ باشلىقى.

يۇسۇپوۋ ساندۇق ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان ماتانى
سىقىمداپ ئاستا يىغىشتۇردى. شەھەر مىلىتسىيەسىنىڭ
باشلىقى رەھىمسىز ۋاقىتنىڭ ئۆز تەسرىنى كۆرسەتكەن
ئايالنىڭ مۇردىسىغا كۆزى چۈشۈشى بىلەن بۇرنىنى سىي-
رىپ: «يېپىڭ، يېپىڭ! يېپىڭ!» دېگەندەك ئىشارەتلەرنى
قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرگەن باشقا مىلىتسىيونېرلار
بولسا ئۆز ھۆكۈمدارلىرى تۆپەيلى پۈتۈن شەھەرنىڭ
تىنچلىقىنى ئوغرىلىغان مۆجىزىنى كۆرۈش بەختىگە مۇ-
يەسسەر بولغانلىقىنى سەزمىگەندەك، تاش ھەيكەللەرگە
ئوخشاش قېتىپ تۇرۇشاتتى.

مانا، سەن ھەم قاماققا ئېلىنىدىڭ، بىبىخانىم! دەپ
ئويلىدى يۇسۇپوف ئىچىدە. مىلىتسىيە باشلىقىنىڭ گەپ ـ
سۆزىدىن كېيىن ھەممە نەرسە ئايان بولدى. مۇزبېي دە-
ۋازىسى ئالدىغا توپلاشقان كىشىلەر بىبىخانىمنى كۆرۈشكە
توپلانغانىكەن. پۈتۈن كوچا ئادەملەر بىلەن لىق تولۇپ
كەتكەن ئىمىش. «بۇ ئادەملەر قاچان ۋە كىمدىن بىبىخا-
نىمنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغىيتتى؟» دەپ
ئويلاپ يۇسۇپوفنىڭ بېشى قېتىشقا باشلىدى. ھېلىتىن
شۇنچە ئادەم ئاڭلىغان بولسا، ئەمدى نېمە ئىشلار بولى-
دۇ؟ يۇسۇپوفنى تېلېفونغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى.
ئوبكومدىن ئىكەن. «تېزدىن يېتىپ كېلىڭ!» دەپ بۇي-
رۇشتى. يۇسۇپوف يولغا ئاتلاندى ـ يۇ، ساقلى ئېلىنمى-
غانلىقىنى ئوبكوم كاتىپىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە سېزىپ
توختاپ قالدى، لېكىن، نېمە ئامال دەيسىز، كىردى.

ـــ بىشىمىزنى قانداق تەشۋىشلەرگە قويدىڭىز، ئور-
تاق (بۇرادەر) يۇسۇپوف؟ـــ دېدى، ئوبكوم كاتىپى ئۇ-
دۇلمۇ ئۇدۇل تۇرۇپ،ـــ كىمدىن رۇخسەت ئېلىپ بۇ

ئىشنى قىلدىڭىز؟

ـــ سىزلەردىن، ـــ دېدى يۇسۇپوف ھەيران بولۇپ.

ـــ نېمە قىلىپ قويغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز، ئورتاق يۇسۇپوف؟ ـــ دېدى كاتىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈنلەي ئېتىبار بەرمەي، قولىدىكى تاماكىسىنى كۈلدانغا جەھلى بىلەن ئېزىپ تاشلاپ. يۇسۇپوف نېمە دېيىشنى بىلمەي، مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى ۋە ھەر زامان ياش بالىدەك يەلكىسىنى قىسىپ قوياتتى. ـــ ئەمدى ئۆزىڭىز پىشۇرغان ئاشنى ئۆزىڭىز ئىچىڭ، ئورتاق يۇسۇپوۋ! دېدى ئوبكوم كاتىپى، ـــ ھازىر بارىسىز ـ دە، ئادەملەرگە ھېچقانداق بىر بىبىخانىمنى ئېلىپ كەلمىگەنلىكىڭىزنى ئېيتىسىز!» يۇسۇپوف ئۈندىمەي چىقىپ كەتتى. ـــ كېيىن كېلىپ نەتىجىسىنى ماڭا ئېيتىسىز! ـــ دېدى ئوبكوم كاتىپى.

ـــ مۇنداق ئىشلار ئۈچۈن پارتىيە ئالدىدا جاۋاب بېرىسىز؟ ـــ دەپ، يەنە قوشۇپ قويدى تەھدىت بىلەن. يۇسۇپوف خانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئوبكوم كاتىپى ئولتۇرغان كۇرسىنىڭ ئارقىسىدىكى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ستالىنىنىڭ سۈرىتىگە كۆزى چۈشۈپ بىردەم قېتىپ قالدى. خەلقلەرنىڭ ئاتىسى مىيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى. «نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويدۇڭ، ئورتاق يۇسۇپوف، پارتىيە ئالدىدا جاۋاب بېرىسەن ئەمدى!» دېدى ستالىن...

يۇسۇپوف مۇزېي ئالدىدا توپلانغان ئادەملەرگە: ـــ ھېچقانداق بىبىخانىمنى ئېلىپ كەلمىگەنمەن، ھەممىسى يالغان! ـــ دەپ ئېيتتى. ھېچكىم تارقاشمىدى. بىر كەمپىر ئۇنىڭ قولىدىن ئۇشلاپ، «خۇددى تىرىكتەك ئىمىش...ھە! شۇ راستمۇ؟» دەپ سورىدى. «بىبىخانىم...!» دېدى جەھلى چىقىپ كەتكەن «ئورتاق» يۇسۇپوف، ئاخىر كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى:

ـــ ھاي...! ئادەملەر، تارقىلىڭلار! بىبىخانىمنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى يالغان!... ـــ بۇ گەپكە ھېچكىممۇ ئىشەنمىدى ھەمدە ھېچكىممۇ تارقاشمىدى. قۇياش پېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن كىشىلەر شالاڭلىششقا باشلىدى. يۇسۇپوفنىڭ خوتۇنى سەكنە ئۇنى ئىزدەپ مۇزېيغا كەلدى. يۇسۇپوف ئۇ ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەردىن ئانچە ـ مۇنچە يېگەندەك قىلىپ قويدى ـ دە، ئوبكومغا ئاتالدى. خوتۇنى: ـــ بىبىخانىمنى ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىز راستمۇ؟ ـــ دېگەندى. يۇسۇپوف بىتاقەت بولۇپ ئېيتتى. ـــ ھەي خوتۇن! ئۆيگە قايت، ھەممىسى يالغان، بىلدىڭمۇ؟ ھەممىسى يالغان!!!

ـــ ھازىر سىز بىلەن گەپلىششكە ۋاقتىم يوق!! ـــ دېدى ئوبكوم كاتىپى بىر نېمىلەرنى يازغاچ قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرمەي.

ـــ ئادەملەر تارقالدى، ـــ دېدى يۇسۇپوۋ.

ـــ ياخشى، سىز بىلەن كېيىن سۆزلىشىمىز! ـــ دېدى ئوبكوم كاتىپى. خانىدىن چىقىۋاتقان يۇسۇپوف قورققان كەبى ستالىنغا كۆز تاشلىدى.

«سېنى ئۆزۈم تېپىۋالىمەن!» دېدى مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرغان ستالىن.

يۇسۇپوف يەنە مۇزېيدا تۈنىدى. كۈن بويى ياغمىغان، ياغمىغان، دەپ تۇرغان قارا بولۇتلار تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئەزۋەيلەپ ئۆز باغرىلىرىدا چاقماقلار چاقنىتىپ، بىردىنلا شىددەت بىلەن قويۇلۇپ كەتتى. يىرىك مەرۋايىت تامچىلىرى قۇرۇپ كەتكەن يەرگە تاراسلاپ ئۇرۇلۇپ، ئېرىقچىلاردىن لۆمۈلدەپ تولغىنىپ ئېقىشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە يېنىكلەشتى. ئەمما توختىمىدى. تاڭ ئاتقانغا قەدەر مەيىنەتلىشىپ شۇرلاپ ياغدى. تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر قېتىپ ئۇخلىغان يۇسۇپوفنى ئۆز تۈشلىرى بىلەن ئەللەيلەپ چىقتى. بىراق، تاڭنىڭ ئەزان ۋاقتىدا ئۇ غەلۋە ـ غۇدۇردىن ئويغىنىپ كەتتى. ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك مەنزىرىگە كۆزى چۈشۈپ، يۈرىكى ئارقىسىغا تارتىلىپ كەتكەندەك بولدى. گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، گويا كېچە ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك، كېچىدىكى مەنزىرە ئەبەدىي قېتىپ قالغاندەك ئىدى. يەنە شەھەر مىلىتسىيەسى باشلىقى، يەنە ئوبكوم كاتىپى. يەنە ستالىن...

ـــ ئادەملەرنىڭ بىر جايغا توپلانماسلىقى ھەققىدە بۇيرۇق بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ـــ دېدى شەھەر مىلىتسىيەسى باشلىقى. ـــ مۇنداق سىياسىي كورلۇق ئۈچۈن جاۋاب بېرىسىز! ـــ دېدى ئوبكوم كاتىپى. ـــ جاۋاب بېرىسەن...! ـــ دېدى ئىئوسىف ۋىسسارىنوۋىچ. ئۈچىنچى كۈنىمۇ بۇ ھالەت تەكرارلاندى. ئوبكوم مەخسۇس كومىسسىيە تۈزدى ۋە بۇ مەخسۇس كومىسسىيە نازارىتى ئاستىدا ئاشۇ كۈنى كېچىدە سەمەرقەند مەلىكىسىنىڭ مۇمىيالانغان جەسىتى تاشتاۋۇت بىلەن بىرگە بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن

ئېچىلغان مەقبەرىسىگە قايتىدىن جايلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ-
دىن بىخەۋەر قالغان سەمەرقەندلىكلەر بىبىخانىمنى كۆ-
رۈش ئۈستىكىدە ھەر ئەتىگەندە مۇزېينىڭ ئىشىكى ئالدىدا
توپلىشىپ تۇرۇشتى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئا-
دەملەر بارا - بارا ئازىيىپ باردى. ئاخىر ھېچكىم كەلمەي
قويدى. ھازىر بۇ ۋەقەلەرنى ئەسلىيەلەيدىغان ئادەملەر
بارمۇ يوق، بىلمەيمەن.

11

كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. ھاۋادىن يامغۇرنىڭ
ھىدى كېلەتتى. ئاسماندا قارا بولۇتلار قىرىق قەۋەت بو-
لۇپ كەتكەندەك...

گېننادىي ۋالىنتىنوۋىچ پوپوف بىلەن مۇزېينىڭ ھوي-
لىسىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرىمىز.
بىبىخانىم ھەققىدە گەپ باشلىشىم بىلەن چالنىڭ كۆزىدىن
ياشلار لۆمۈلدەپ چىقتى.

— ھەي... مەن ئۇنى كۆرگەنمەن!— دېدى ئۇ بۇ
ۋەقە مەمەت سالىھوۋىچ بىبىخانىمنىڭ مۇمىيالانغان جە-
ستىنى سەمەرقەندكە ئېلىپ كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە
يۈز بەردى.

بىر كۈنى ئىشقا كەلسەم مۇزېينىڭ ئالدى ئادەملەرگە
تولۇپ كېتىپتۇ. ھەممىسىنىڭ ئېغىزىدا شۇ سۆز: «بىبىخا-
نىم»، «خۇددى تىرىكتەك ياتۇرمىش» دېگەن شۇۋىر -
شۇۋىرلار. بىر ئاماللاپ ئىچكىرىگە كىردىم. كېيىن بىلسەم
ئاشۇ كېچىسى يۇسۇپوف تاشكەنتتىن بىبىخانىمنىڭ مۇمە-
يالانغان جەستىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن.

بۇ خەۋەر قانداقتۇر ئاڭلاپ بولماس تەرىزدە، خۇد-
دى نۇرنىڭ تېزلىكىدە شەھەرگە تارقالغانىدى. مۇزېينىڭ
ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپىيىپ باردى.
ئاشۇ پەيتلەردە مۇزېي خادىملىرى كېچىلىرىمۇ نۆۋەتچە-
لىكتە تۇرۇشتى. كېچىلىك نۆۋەتچى— شۇ كېچە داۋامە-
دىكى مۇزېينىڭ تولۇق خوجايىنى بولدى. بىبىخانىم تاش-
كەنتتىن كەلتۈرۈلگەن كۈننىڭ ئەتىسى مېنىڭ نۆۋەتچە-
لىكىمگە توغرا كەلدى. مۇزېينىڭ ئالدىدىكى ئادەملەر
بىر - بىرلەپ تارقىلىپ، غەلۋە - غودۇرلۇق كوچا سۈكۈ-
ناتقا چۆمگەندە، تاشكەنتتىن قايتقاندىن بۇيان مۇزېيدا
يېتىپ يۈرگەن يۇسۇپوفنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن خا-
تىرجەم بولۇپ ئاچقۇچلارنىڭ شادىسىنى قولۇمغا ئال-
دىم - دە، بىبىخانىمنىڭ تاۋۇتى تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى
قورقۇپ تۇرغان ھالدا ئاچتىم. ئىچكىرىگە كىرىپ بىر ئاز
تۇردۇم. ئاخىردا قولۇم بىلەن سىلاشتۇرۇپ يېرىپ چە-
راغنى ياقتىم. چىراغ ئۆچۈپ قالدى. ھەر بىر ئۆيدە
مەخسۇس جايدا شام تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەن. سەرەڭگە
ياندۇرۇپ شامنى ياقتىم. خىرە يورۇغان ئۆينىڭ بولۇڭىدا
بىبىخانىم ياتقان تاۋۇت ساندۇقىغا قورقۇمسىراپ يېقىن-
لاشتىم. شامنى كۆرگەزمە تاختىلىرىنىڭ بىرسىگە ئورناش-
تۇرۇپ، تاۋۇت ئۈستىدىكى ماتانى ئاستا كۆتۈردۇم. قول-
لىرىم ئىختىيارسىز تىترەيتتى. تاۋۇت ئىچىدە كىچىككىنە
بىر ئايالنىڭ جەستى ياتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاياغلىرى
ناھايىتى كىچىك كۆرۈنەتتى. «ھە، شۇ چاغلاردىمۇ ئاياغقا
ياغاچ كاۋۇش كيدۇرۇپ، ئۆستۈرمەي قويۇش خانىلار
ئارىسىدىكى رەسىم ئىكەن - دە،» دەپ ئويلىدىم ئە-
چىمدە. تارىختا ئايالالارنىڭ پاچىقىنىڭ كىچىك بولۇشى
ئايالالار گۈزەللىكىنىڭ بىر بەلگىسى بولىدىغانلىقىنى ئاڭ-
لىغانىدىم. مەن بىبىخانىمنى خىتايدىن ئىكەن دەپ ئاڭلە-
غان. لېكىن تاۋۇتتىكى ئايال خىتايلىقىا ئوخشىمايتتى. ئۇ-
نىڭ موغۇل ياكى تۈرك ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. جەسەت-
نىڭ بېشىدىكى ئاپئاق چاچ بىر سىقىمچە بولۇپ قالغان.
قول ۋە ئاياغ بارماقلىرىدىكى تىرناقلار بىر ئاز ئۆسۈپ
قالغانىدى. ئۇنىڭ باش سۆڭەكلىرىنىڭ ئايرىم جايلىرىدا
ساقلىنىپ قالغان تېرىلەر ئۆز رەڭگىنى ئانچە يوقاتمىغان
ئىدى. مەلىكىنىڭ ئەگنىدىكى كىيىملەر ناھايىتى چىرايلىق
ئىدى. كۆزۈمنى يۇمسام بۇ كىيىملەرنى ئېنىق كۆرىمە -
نۇ، تىل بىلەن تەرىپلەپ بېرەلمەيمەن.

پوپوف جىمىپ قالدى. پاپىرۇسنى تۇتاشتۇرۇپ چوڭ-
قۇر - چوڭقۇر ھالدا ئىچىگە شورايتتى.

ھە، ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ بىر چىمچىلىقى يوق ئىدى.
ئوڭ قولىنىڭمۇ ياكى چەپ قولىنىڭمۇ ھازىر ئېسىمدە يوق.
كېيىنچە سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم بۇنىڭدىن يۈز يىلچە بۇ-
رۇن بىبىخانىمنىڭ مەقبەرىسىگە ئوغرى چۈشكەنىكەن.
مېنىڭچە ئوغرىنى بىرەر نەرسە چۆچۈتۈپ قويغان بولسا
كېرەك. ئۇ مەلىكىنىڭ بىباھا ئۈزۈكىنى چىمچىلىقى بىلەن
يۇلۇپ قاچقان. قالغان تاقىنچاقلىرىنى بولسا، بۇگۈنكى
ئوغرىلار ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتاغلىق ئالىم م.
ئې ماسسانىڭ «سەمەرقەندتىكى ئىشرەتخانا نامى بىلەن

مەشھۇر بولغان مەقبەردە» دېگەن ماقالىسىدىن تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى ئوقۇدۇم: «ئىسلام ئەنئەنىلىرىگە ئاساسەن مەرھۇمنىڭ جەسىتى يېنىغا خاس بۇيۇملارنى قويۇپ دەپنە قىلىنمايدۇ. بىراق، موغۇل ئەنئەنىلىرى ساقلىنىپ قالغان 15 ـ ئەسىردە تۆمۈرىيىلەرگە تېگىشلىك قەبرىلەردە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن چەتنەش ئەھۋاللىرى ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن سەمەرقەندتىكى بىبىخانىم مەقبەرىسىگە كۆمۈلگەن تاش تاۋۇتتىكى ئايالنىڭ بىر بارمىقىنىڭ يوق ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ ھال ئايالنىڭ قولىدا قىممەت باھالىق ئۈزۈكى بار بولۇپ، قەبرىنى ئاچقان ئوغرى ئۈنى بارمىقى بىلەن ئۈزۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قىياسنى ئالغا سۈرىدۇ». بۇ ماقالىدىن يەنە شۇ نەرسە مەلۇمكى، بىبىخانىمنىڭ قەبرىسى نامەلۇم بىر ئوغرى تەرىپىدىن، كېيىنچىرەك يەنە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك 1941 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئېچىلغاندىن تاشقىرى 1927 ـ يىلىدىمۇ رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن بىر قېتىم ئېچىلغانىكەن. بۇ ئېچىشلارنىڭ نەتىجىلىرى بايان قىلىنىغان ھۆججەتلەر ھازىر قەيەرلەردە توپا ـ چاڭ بېسىپ ياتقان بولغىيتتى؟ مەلىكىنىڭ قالغان باشقا زىننەت بۇيۇملىرى يەنە ئوغرىغا نېسىپ بولمىسۇن، دېگەن مەقسەتتە ئاشۇ چاغدا ئېلىپ قويۇلغان بولغىيمىدى؟! ئەگەر ئېلىپ قويۇلغان بولسا، ئۇلار قەيەرلەردە ساقلانماقتا؟ مىللىي بايلىقلىرىمىز بولغان بۇ تەڭداشسىز سەنئەت نەمۇنىلىردىمىزنى كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولارمۇ ـ بولماسمۇ؟ ياكى ئۇلارمۇ ھازىر ئاشكارا بولغىنىدەك ئاچارچىلىق يىللىرىدا چەت ئەللەردىن سېتىۋېلىنغان زىرائەت دانلىرىغا بەدەل قىلىنىپ بېرىلگەن بىر قاتار قىممەت باھالىق ئەسەرلەر ۋە بۇيۇملار قاتارىدا بېرىۋېتىلگەنمۇ؟ بۇ سىرلارنى كىملەر، قانداق ۋاقىتتا بىزگە ئېچىپ بېرەلەيدۇ؟

پوپوف بىلەن خەيرلىشىپ كوچىغا چىقتىم. قەلبىمنى بىر نېمىلەر غاجىلايتتى. پەقەت بىپايان دالىلار مېنى بۇ ئازابتىن خالاس قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى...

ئاشۇ كېچە بىبىخانىم چۈشۈمگە كىردى. مەن شام تۇتۇپ، قاپقاراڭغۇ خانەگە كىرىپ كەلگەنمىشمەن. بىردىن شام شولىسىدا خىرە ـ شىرە يورۇغان زۇلمەت ئىچىدىن بىر شەپە چىقىپ كېلىشكە باشلىغۇدەك. ئۇ ناھايىتى گۈزەل، قاردەك ئاپئاق چاچلىرى ئۆزىگە ياراشقان، ئەگىنىگە زەرباپ قەبا كىيگەن ئايال ئىمىش. ئۇ توختاپ ماڭا تىكىلىپ قارىغۇدەك. بىردىنلا زۇلمەت قېچىپ، ھەممە ياق يورۇپ كېتەرمىش. يىراقتىن كۆك گۈمبەزلىك شەھەر كۆرۈنۈپ تۇرارمىش. مەن بولسام قار باسقان كەڭ بىر دالادا ئاشۇ گۈزەل ئايال بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرارمىشمەن. ئۇنىڭ چەپ قولىدىكى چىمچىلاق ئورنىدىن ئاپئاق قارغا قىپقىزىل قان تامچىلاۋاتقانمىش. قان بۇغلىنىپ قارنى ئويۇپ بارارمىش.

—ئۈزۈڭ كىم بولىسەن؟—دەرئىمىش ئاپئاق چاچلىق ئايال.

—ئانا، مەن سىنىڭ نەۋرەڭ—بولىمەن.

—سوۋۇپ قېتىپ كەتتىم، بالام،—دەرمىش ئاپئاق چاچلىق ئايال،—مەن بەكمۇ سوغۇق ھەم قاتتىقمەن....سوغۇق...قاتتىق...مەن...بالام...

توساتتىن زۇلمەت كۆچۈپ، كۆز ئالدىمدا تاۋۇت ۋە ئۇنىڭدا ياتقان ئاپئاق چاچلىق گۈزەل مەلىكە پەيدا بولدى.

—سوۋۇپ قېتىپ كەتتىم، بالام!—دەپ شىۋىرلايتتى ئۇ توختىماي. شۇ تاپ ئۇنىڭ چىشلىرى بىر ـ بىرىگە تەگمىگەندەك، بىرە ـ بىرە ئاۋاز چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ بىرەتتى. تىكىلىپ قاراپ ئۇنى تاش تاۋۇت ئىچىدە ئەمەس، ھەيۋەتلىك مۇز بولاق ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئويغىنىپ كەتكىنىمدە، يۈرىكىم زىرقىراپ قاقشايتتى. گۈيا مۇز تاۋۇتتا ياتقان چېچى ئاپئاق مەلىكىنىڭ تەنىلىك قاراشلىرى كېلىپ كۆكسۈمگە سانجىلغاندەك، ھەتتا يۈرىكىمنى جاراھەتلەندۈرگەندەك سېزىم پەيدا بولاتتى.كۆرگەن چۈشلىرىم كۈن بويى قىلغان مۇلاھىزىلىرىمنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئەسلىدە بىبىخانىم ئەمەس، مەن سوۋۇپ قېتىپ كەتكەنىدىم. بۇ دۇنيادا بىبىخانىم ئەمەس، مەن ئۆزۈم مۇز بۇلاق ئىچىدە ياتاتتىم.

خۇرشىد دەۋراننىڭ ئۆزبېكچە «ساھىبقىران نەۋرىسى» ناملىق كىتابىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى



# مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى

كامال ھەسامىدىنوۋ (قازاقىستان)

## تەپكە

بىر كۈنى ئۆيگە كىرسەم، مومام مەريەمخان ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى بىر قولى بىلەن كۆتۈرگەن ھالدا ئاغزىدىن شۆلگىيى ئېقىپ ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاۋاتقان بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىنى بوسۇغىغا ياتقۇزۇپ، بوينىنى دەسسەۋېتىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىم چانىقىدىن چىقىپ كېتەي، دەپ قالدى. بۇ كىچىككىنە بالا شۇنچىۋالا نېمە گۇناھ قىلىپ قويغاندۇ، دەپ ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرىمەن. بىراق، مومامنىڭ چىرايىدا، كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتىنىڭ ئۇچقۇنىمۇ يوق ئىدى.

يېشى قىرىققا ئۇلىشىپ قالغان ئايال موماغا كەينى ـ كەينىدىن رەھمەت ئېيتىپ، ئۆرۈك قېقىغىمۇ قارىماي، يىغلاۋاتقان بالىسىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. مونۇ بىر قىزىق خوتۇن ئىكەن، بالىسىنىڭ بوينىنى ئۆگى ئۆچۈپ كەتكەن كونا مەسسىنىڭ تاپىنى بىلەن دەسسىگەن مومايغا قايىنماي، رەھمەت ئۈستىگە رەھمەت ياغدۇرۇپ چىقىپ كېتىشى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ ئۆيدىن خېلى ئۇزىشىغا، موماغا:

ــ موما، ئاۋۇ يىغلاپ كېتىپ بارغان بالا نېمە گۇناھ قىلىپ قويۇپتۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

مومام مىيىقىدا كۈلۈپ ماڭا قارىدى ۋە ئادىتى بويىچە مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ بىچارە بالا تەپكە بولۇپ قاپتۇ، ــ دېدى.

ــ تەپكە دېگەن نېمە؟

ــ بايقىمىدىڭمۇ بوينىدىكى ئىششىقنى؟ بەزى بالىلارنىڭ يا سول تەرىپى، يا ئوڭ تەرىپى ئەنە شۇنداق ئىششىپ كېتىدۇ، ــ دېدى مومام ماڭا سىپايىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ــ بەزى بالىلارنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىلا تا قۇلىقىغا يەتكۈچىلا ئىششىپ كېتىدۇ. ئۇنى بايا ئۆزۈڭ كۆرگەندەك، پەقەت شۇنداق ئىرىم بىلەن ساقايتىدۇ، بولمىسا بۇ ئاغرىقنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىمۇ، ئۇزاققا سوزۇلۇشىمۇ مۇمكىن.

يىللار ئۆتتۈۋەردى، ئاۋۋال ئاتا، ئاندىن بوۋا بولدۇق. قوشنىلارنىڭ تەپكە ئاغرىقىغا ئۇچرىغان بالىلىرىنىمۇ كۆردۇق. ئىلمىي تېبابەتچىلىكتە بۇ كېسەللىك سۆۋىنكا ياكى يۇقۇملۇق پاروتىت دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىغان بالا بالىلار باغچىسىدا بولسا، باغچىغا ئەۋەتىلمەي، باشقا بالىلارغا يۇقۇپ قېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئىلمىي تېبابەتچىلىكتە قانداق ئاتالمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىغان بالا قانداق چەكلەنمىسۇن، ئۇيغۇر خەلق تېبابىتىدە ئۇ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سۇپەتلىك داۋالاپ ساقايتىلىدۇ.

يۇقىرىدا مەن مومام رەھمىتى مەريەمخاننىڭ تەپكە ئاغرىقىغا دۇچار بولغان بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىنى قانداق داۋالىغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتۈم. كېيىنكى يىللىرى بەزىلەرنىڭ ھەتتا ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ ئۇسۇل بىلەن قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنى داۋالاپ ساۋابىنى ئالغاندىم. بۇ ئۇسۇلنى چوڭلارغا قوللانسا بولامدۇ؟

ئۇ ۋاقىتلاردا مەن تېخى ئىشلەۋاتاتتىم. بىر كۈنى بۆلۈمگە خادىملىرىمىزدىن ئې × × × ئىسىملىك كىشى كىرىپ كەلدى.

ــ كامال ئاكا سۆۋىنكا دېگەننى بىلەمسىز؟ ــ دېدى ئۇ سالام ـ سائەتتىن كېيىن.

ــ بىلىمەن، نېمە بولدى؟

بۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە تېخى ئايىغى چىقمىغان بوۋاق بالىسى ۋە چوڭلا بولۇپ قالغان ئىككى قىزى بار ئىدى. مەن تېخى شۇلاردىن بىرى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىۋېدىم.

ــ ئايالىم سۆۋىنكا بىلەن ئاغرىپ ياتىدۇ، دوختۇرلار ھېچكىمگە ئارىلاشمايسەن ۋە ئۆيدىنمۇ چىقمايسەن، دەپ قاتتىق تاپىلاپ كېتىپتۇ، قانداق قىلىشنى بىلمەي بېشىمىز قېتىۋاتىدۇ، ــ دېدى.

مەن تا مۇشۇ كۈنگىچە بۇنىڭ بىلەن پەقەت كىچىك بالىلارلا ئاغرىيدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن، ئەمما بۇ ئاغرىق ياش تاللىمايدىكەن.

ئۇنىڭغا مومامدىن كۆرگەن ۋە ئۆگىنىۋالغان، ئۆزۈم شۇ كۈنگە قەدەر ئاز ـ تولا پايدىلانغان ئۇسۇلنى سۆزلەپ بەردىم ۋە ئۇنى كىچىكتۈرمەي قوللىنىشنى تاپىلىدىم.

ــ ئايالىڭنىڭ بېشىنى بوسۇغىغا قويۇپ ياتقۇز ـ دە، بىر پۇتۇڭغا بەتنىكەڭنى كىيگىن ۋە بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم دەپ ئايالىڭنىڭ بويىنىدىكى ئىششىقتا تاپىنىڭنى ئاستا ئۈچ قېتىم تەگكۈز، بۇ ئۇسۇلنى ئۇدا ئۈچ كۈن قوللان، ــ دېدىم.

ئۇ كۈنى جۈمە ئىدى، ھېلىقى كىشى دۈشەنبە كۈنى سائەت ئىككىلەردە يەنە كىرىپ كەلدى.

ــ كامال ئاكا دورىڭىز قالتىس ئىكەن. ھازىر ئايالىم تېلېفون بېرىپ، سىزگە رەھمىتىنى ئېيتىۋاتىدۇ، ــ دېدى.

ئىشەنچىم كامىلكى، خەلق تېبابەتچىلىكىدىكى بۇ ناھايىتى ئاددىي، ئۈنۈمى يۇقىرى ئۇسۇلنى كۆپچىلىك بىلمەيدۇ، بىلگەن ـ ئاڭلىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى «ئۇدا ئۈچ ئوغۇل تۇغقان ئايال» ياكى «ئۈچ كېزەك ئوغۇل تۇغقان ئايال قىلىشى كېرەك» دەپ پەتىۋا چىقىرىدىكەن. ھەممىسى بىكار گەپ. مېنىڭچە بۇ يەردە ئىخلاس كۈچلۈكمىكىن. ئەگەر گەپ راستىلا ئۈچ ئوغۇلغا باغلىق بولسا، ئۈچ قىزنىڭ ئاتىسى ئې xxx ئىسىملىك كىشىنىڭ ئايىغى ئايالىغا داۋا بولماس ئىدى.

## قىزىل قولتۇق پاقا

قىزىل قولتۇق پاقىنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا دەسلەپ موموم مەريەمخاندىن كېيىن باشقىلاردىنمۇ كۆپ ئاڭلىغاندىم، ھەتتا ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان دورىلارنىڭ خەتەرلىك يەل، يارىلارغىمۇ بىمالال ئەسىر قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانمەن. لېكىن ئۇنىڭ تەركىبىدە قىزىل قولتۇق پاقىدىن باشقا يەنە قانداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقى ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئويلاپ ـ ئويلاپ ھېچ خاتىرەمگە كەلتۈرەلمىدىم. نۇرغۇن ئادەملەردىن سورىدىم، سىرىنى بەرگۈسى كەلمىدىمۇ بىلمىدىم، ھېچكىمنىڭ ئېيتىپ بەرگۈسى كەلمىدى. ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە خوتەندە سورىغىنىمدا ئۇ يەرلەردىكى تېۋىپلار مۇنداق پاقا تۈرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان بولۇپ چىقتى. قىزىل قولتۇق پاقا توغرىسىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ئائىت كىتابلاردىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق. مەسىلەن، 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن بېسىپ چىقىرىلغان «ئۇيغۇر مىللىي تېبابەتچىلىكىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان دورىلار» ناملىق كىتابنىڭ «پاقا» بابىدا «بۇ ھەممىگە مەلۇملۇق ھاشارەتلارنىڭ بىرى بولۇپ، نەم

2004.6

يەرلەردە، توختام سۇلاردا بولىدۇ. قۇرۇقلۇقنىڭ، دەريا-
نىڭ، ئۆستەڭنىڭ پاقىسى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئە-
گەر مۇتلەق پاقا دېيىلسە، ئۆستەڭ پاقىسىنى ئالىمىز. قۇ-
رۇقلۇقنىڭ پاقىسى ئۆلتۈرگۈچ زەھەرلەر قاتارىغا كىرى-
دۇ» دەپ يېزىلغان. شۇ كىتابتا بېرىلگەن رەسىمدىكى
پاقىمۇ قىزىل قولتۇق پاقا ئەمەس، بەلكى چار پاقــىغــا
ئوخشايدۇ. مېنىڭچە بولغاندا قىزىل قولتۇق پاقا ئاساسەن
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە، قا-
زاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇر
ناھىيىسىنىڭ پەقەت دەرياغا يېقىن جايلىرىدىلا ئۇچراشسا
كېرەك. چۈنكى، تاشكەنت، بىشكەك ئەتراپىدا ياشىغۇچى
قېرىنداشلىرىمىز بۇ پاقىنى ئالمۇتادىكى قېرىنداشلىرىدىن
سېتىپ ئېلىپ كېتىپ يۈرىدۇ.

قىزىل قولتۇق پاقا توغرىسىدىكى ئومۇمىي مەلۇماتلار
ئەنە شۇنداق. ئەمدى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىگە كېلەيلى. ئو-
مۇمەن پاقا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىمۇ كۆپ
ئىشلىتىلىدۇ. بىراق ئۇلار ئىشلەتكەن پاقا بىلەن قىزىل
قولتۇق پاقىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىدا خېلى كۆپ ئۆزگە-
چىلىكلەرمۇ بار. بەزىدە قىزىل قولتۇق پاقا تولاراق تاماق
ئاغرىقىغا، چىش ئاغرىقىغا چايقاش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ئۇ-
نىڭ ئۈچۈن قۇرۇتۇلغان پاقا قايناتمىسى بېرىلىدۇ. مومام
مەريەمخان رەھمىتى قولى سەينۇگە بولۇپ، جېنىنى قو-
يارغا يەر تاپالمايۋاتقانلارغا قانداقلا بولمىسۇن، پاقىنى
تۇتۇپ شۇ ئاغرىق بارماقنى پاقىنىڭ كەينى يولىدىن تىقىپ
ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلاتتى. شۇنداق قىلغاندا پاقا كۇر-
كىراپ ـ كۇركىراپ ئۆلۈپ قالىدىكەن. چــۈنــكى، ئــادەم
قولىدىكى ئاغرىق زەھىرى پاقىغا ئۆتۈپ كەتسە كېرەك.

تاماق ئاغرىقىنى (ئانگىنا) داۋالاش ئۈچۈن، پاقا قاي-
ناتمىسىدىن تاشقىرى پاقا تالقىنىنىمۇ ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ
ئۈچۈن قۇرۇتۇلغان پاقا تۆمۈر هاۋانچىدا سوقۇپ تالقان
قىلىنىپ، ئەلگەكتە تاسقىلىپ، قومۇچ ئارقىلىق تامــاقــقــا
پۈركۈلەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئادەمنىڭ مەدەنىيىتى
ئۆسۈپ، ھەرقانداق ئۇششاق ـ چۈششەك نەرســلــەردىن
يىرگىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. شۇڭا مەن ئىلمىي تېبابەت-
چىلىكتە ئىشلىتىلىپ يۈرگەن رېزىنكە تۇرۇپكىدىن چوكا
قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالدىم. ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى ئاغزىمغا
تۇتۇپ، پاقا تالقىنى قاچىلانغان ئىككىنچى تەرىپىنى بۇر-
نۇمغا تۇتۇپ پۈۋلىدىم. تالقان بۇرۇن تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ
تاڭلايغا قوندى. بۇنى ئەكسىچە قىلسىمۇ بولىدۇ.

ئالمۇتالىق غوجىخان ئىسىملىك تونۇشۇم گانــگــرىن
بولۇپ، ئوپېراتسىيە بولۇپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. كۆڭلى يېقىن
ئادەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىزنىڭ ناھايىتى ياخشى
ئادىتىمىزغۇ. بىمارنىڭ ئالدىغا باردىم. غوجىخان ئاكىنىڭ
ئوڭ پۇتى باشمالتىقىنىڭ دەسلەپ بىر ئۇگىسىنى ئوپېرات-
سىيە قىلىپ كېسىپ ئېلىۋېتىپتۇ. ئۆيگە چىققاندىن كېيىن
ئاغرىق قايتىدىنلا ئۆز ئەكسىگە كېلىپ، پەرزەنتلىرى ئا-
تىسىنى دوختۇرخانىغا قايتىدىن ئېلىپ بېرىپتۇ.

ــبۇ ئاغرىق ئادەمنىڭ تومۇرىنى بويلاپ يۇقــىــرى
ماڭىدۇ،ــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ دوختۇر،ــ ۋاقتىدا ئىك-
كىنچى ئۇگىدىن ئالاي دېسەم تىرەجەپ ئۇنىمىدىڭىز. مانا
ئەمدى يەنە كەپسىز.

ــئوشۇقتىن تۆۋىنىنى ئېلىۋەتسىڭىزمــۇ مــەن رازى
دېدىم، قاراڭ ئاغرىققا پايلىماي،ــ دەيتتى غوجىخان ئا-
كا،ــ بۇ جانغا خۇددى بىگىزدەك قادىلىپ ئاغرىتىدىغان
نەرسە ئىكەن. دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، «بەختىڭىز
بار ئىكەن، ئاغرىق يامانلىشىپ كەتمەپتۇ، ئىككىنچى ئۇ-
گىدىن ئېلىۋەتسەك بەلكىم ئاغرىقتىن قۇتۇلارسىز» دېدى.
رازى بولماسلىققا ئىلاجىم قانچە؟ باللار ئالدىدا بىر كۈن
بولسىمۇ كۈنىنىڭ نۇرىنى كۆرسەم دەيدىكەنسەن، ئىككىن-
چى ئۆگىنىمۇ ئېلىۋەتتى. ئاغرىق دەرھال تــوخــتــىــدى.
دوختۇرخانىدىن چىققىچە شۇنچىلىك ياخشى يۈردۈم. ئاغ-
رىق ئوكۇلنىڭ كۈچىدە بېسىلىپ قېلىۋاتامدۇ ـ تاڭ، بىل-
مىدىم، ئۆيگە كېلىپ يەنە كۈچەيدى. تاڭنى ئۆرە ئاتقۇز-
دۇم. مېنى دوختۇرخانىدىن چىقىپتۇدەك، دەپ ئاغىنىلەر
كىرگەنىكەن، دەردىمنى ئېيتتىم. ئۇلار «ئاداش پالانچى
قىزىل قولتۇق پاقىنىڭ تالقىنىنى سېتىۋېتىپتۇدەك، شۇ-
نىڭدىن بىر چىمدىم ئالدۇرۇپ سېپىپ كۆرەمسەنــكــىن،
ئۇنى جاراھەتنىڭ سۈيىنى تارتىدۇ دەيدىغان، جېنىڭ ئارام
تېپىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ مەسلىھــەت بــەردى.
باللارنى دەرھال يۈگۈرتتۈم. بىر چىمدىمى 25 سوم ئە-
كەن، گەپ پۇلدا ئەمەس، لېكىن ئۇكا قۇلىقىڭىزدىن ـ
قۇلىقىڭىزغا قىزىل قولتۇق پاقىنى قولىڭىزدا تۇتۇڭ، سا-
دىغاڭ كېتەي، بىر سەپكەندىن كېيىنلا ئاغرىقنى دەرھال
توختاتتى، مانا كۆرۈڭ يارا ئىككى كۈندىن بېرى ئوبدانلا

قېتىشىپ قالدى.

غوجىخان ئاكا پاقىنىڭ «شاپائىتىدە» 15 يىلدىن ئو-
شۇقراق ھايات كۆچۈردى. بىراق، باقىي دۇنياغا گاڭگىرىن
بىلەن ئەمەس، ئۆپكە راكىدا كەتتى. پاقىنىڭ ئادەم سالا-
مەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قانچىلىك زور رول ئوي-
نايدىغانلىقىنى مۇشۇ مىسالدىنمۇ ئوچۇق كۆرۈش مۇمكىن
بولسا كېرەك.

يەنە بىر مىسال، بىر كۈنى سالامەتلىكنى ساقلاش
پونكىتىغا كىرگەنىدىم، پونكىتنىڭ باشلىقى رۇس ئايال
مېنى توختاتتى، «كەچۈرىسىز سىز ئۇيغۇرغۇ دەيمەن»
دېدى ئۇ. مەن «شۇنداق، نېمە بولدى؟»، «قاراڭ، بۇ-
نىڭدىن خېلى ئىلگىرى قىزىمنىڭ تامىقى ئاغرىپ قىلمىغان
دورام قالمىدى، ھېچ داۋالىيالمىدىم، بىر كۈنى سىلەرنىڭ
خادىم بىلەن سۆزلىشىپ قېلىپ، ئۇ قىزىل قولتۇق پاقا
ئەكىلىپ بېرىۋېدى، ھازىر شۇ قىزىمنىڭ بالىسىنىڭ تامىقى
ئاغرىپ قېلىپ، باشنى قاتۇرۇۋاتىدۇ، ھېلىقى كىشى كۆ-
رۈنمەيدۇ، پاقا سوراي دېۋىدىم، سىز بىر ئىلاجىنى قىلا-
لامسىز؟» دېدى، مەن بار بولسا ئۈچ تال بولمىسا بىر
تال تېپىپ كېلىشكە ۋەدە بەردىم. قارىسام ئۆيدە خېلى بار
ئىكەن، ئۈچ تال پاقا ئاپىرىپ بەردىم، ئۇ ئايال خۇشال-
لىقىدا يۈز سوم چىقىرىۋاتىدۇ.

ــ مەن پۇلغا خىجالەت بولۇۋاتقان ئادەم ئەمەسمەن،
ئىشقىلىپ نارەسىدىنىڭ دەردىگە داۋا بولسۇن. بۇ پۇلغا
مېنىڭ نامىمدىن سوۋغا ئاپىرىپ بېرىڭ،ــ دېدىم.

ھېلىقى ئايالنىڭ خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەي-
مەن.

يا ئىشنىڭ، يا ئىشەنمەڭ مەيلىڭىز، بۇ يەردە ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆرگەن مۇنداق ئەھۋالنىمۇ سۆزلەپ بەرگۈم
كېلىۋاتىدۇ. ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر ناھىيىسىدە كو-
ماندىروپكىدا يۈرگەنىدىم، ئۆكتەبىر كولخوزىغا بارغىنىمدا
ئىلگىرى مېنى سىرتتىن بىلىدىغان بىر كىشى بىلەن ئۇچ-
رىشىپ قالدىم، ئۇ بىر كېچە مۇڭدىشايلى، دەپ تۇرۇۋال-
دى، تاماقتىن كېيىن تازا گەپكە كىرىشىپ كەتكەنىدۇق،
ئۆيگە ياشقىنى قولياغلىقى بىلەن تاڭغان، چىرايىدا قان
يوق بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن چىشى-
نىڭ ئاغرىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئەجەب دوختۇرخانىغا
بارماي، بۇ ئۆيگە كىرىپتۇغۇ، دەپ ئويلىدىم، يا ساھىب-
خانىنىڭ چىش داۋالاش ھۈنىرى بارمۇ؟

مەن ھېچ نەرسە چۈشەنمىدىم، يىگىت مېھمان ھۆر-
مىتى لېۋىنى ئاچمىدى ۋە سەل تۇرغاندىن كېيىن يېنىپ
چىقىپ كەتتى.

ــ مۇشۇ خەقلەرمۇ قىزىق،ــ دېدى ساھىبخان،ــ نە-
دىكى بىر يوق نەرسىنى سوراپ ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇ-
رىدۇ، بىر ئوبدان سېلىۋاتقان پارىڭىمىزنىڭ بېلىگە تېپىپ!

ئەتىگەنلىكى تۇرۇپ يۈز ـ كۆزىمىزنى يۇيۇۋاتساق،
ھېلىقى يىگىت يەنە كىرىپ كەلدى، قاپاقلىرى ئولتۇرۇ-
شۇپ، يۈزى ھۆپپىدە بولۇپ كېتىپتۇ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك
قاقمىغاندەك قىلاتتى.

ــ ئىچىڭ ئاغرىسۇن ئاكا، ئۆزۈڭ بىلسەن، مەنمۇ
ئۇششاق باللىق ئادەممەن، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى
ھاجىتىڭدىن چىقىپ قالارمەن، ياق دېمەي تۈگۈنچىكىڭنى
ئاختۇرۇپ كۆرسەڭ،ــ دەپ يېلىندى ئۇ جاۋغايلىرىنى
قول ياغلىقى بىلەن سۈرتكەچ.

ــ خەيرىيەت،ــ دېدى ساھىبخان ۋە ئۆيدىن بىر
خالتا كۆتۈرۈپ چىقتى،ــ يوق دېسە ئىشەنمەي ئادەمنى
خىجالەت قىلىدىكەنسىلەر، مانا ئاختۇرۇپ كۆرەي.

ئۇ خالتا ئىچىدىكى تۈگۈنچەكلەرنى بىر ـ بىرلەپ
يېشىپ نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەپ ئاۋارە. مەنمۇ قاراپ
تۇرىمەن. بىر ۋاقىتتا سەرەڭگە تېلى چوڭلۇقىدا قاپقارا بىر
نەرسىنى تاپتى.

ــ كەل بۇ يەردە ئولتۇر،ــ دېدى ساھىبخان يىگىت-
كە،ــ بۇنى شۇ ئاغرىۋاتقان چىشىڭغا بېسىپ ئولتۇر.

يىگىت ھېلىقى نەرسىنى چىشلىگەن پېتى جىمجىت يې-
رىم سائەتكىچە ئولتۇردى. پەيدىنپەي ئۇنىڭ چىرايىغا قان
يۈگۈرۈپ، كۆزلىرىگە ھاياتلىق نىشانىسى يۈگۈرۈشكە
باشلىدى.

ــ ئەمدى ئۆيۈڭگە كىرىپ ئۇخلا،ــ دېدى ساھىب-
خان.

يىگىت چىقىپ كەتتى. لېكىن كەچقۇرۇنلۇقى يەنە كى-
رىپ كەلدى. چىرايىدا، لەۋلىرىدە كۈلكە.

ــ ئاكا ئاخشامدىن بۇيان مېھمان ئالدىدا ئارام بەر-
مىگەنلىكىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، قانداق قىلاي، چىشىمنىڭ
ئاغرىقى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئەتىگەن سىزنىڭ
ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كۆز باغلانغىچە ئۇخلاپتىمەن، جېنىم

تېنمەدىلا بولسا، سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئون ھەسسە قىلىپ قايتۇرىمەن.

يىگىت چىقىپ كەتتى، مەن ئۆي ئىگىسىگە قارىدىم.

— قىزىل قولتۇق پاقىدىن يازلىقى چۆپ چېپىشقا بارغاندا ئىلى بويلىرىدىن بىر - ئىككىسىنى تۇتۇپ ئەكلىپ تاشلاپ قويياتتىم، — دەپ چۈشەنچە بەردى ساھىبخان، — خىجالەت بولغانلار ئەنە شۇنداق كىرىپ تۇرىدۇ، ھېلىقى يىگىتنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، قارىمامسىز بىر پۈتى بولسىمۇ تېپىلىپ قالدى.

— ياخشى ئىش ئىكەن، بۇنىمۇ ئاڭلاپ ئۆز كۆرۈم بىلەن كۆرگىنىم ياخشى بولدى، — دېدىم، — «ياخشىنىڭ شاپائىتى تېگىدۇ، يامانىنىڭ كاساپىتى تېگىدۇ»، يولى كېلىپ قالسا مەنمۇ بىرىگە ساۋابلىق ئىش قىلارمەن.

### تۇز ۋە شورپاختا

تۇز ھەققىدە «شىپالىق 110 گىياھ» ناملىق كىتابنىڭ «ئەمەن» بابىدا ئاز - تولا ھېكايە قىلىنغانىدى. ئويلاپ باقسام، ئۇ ئانچە تولۇق ئەمەسكەن. چۈنكى ئىنسان ھاياتىدا تۇزنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىدىن تاشقىرى شىپالىق خۇسۇسىيىتىمۇ كۆپ. بەزى ئالىملارنىڭ تەكىتلىشىچە ئىنسان ئورگانىزمى تۇزدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ئون ئىككى خىل ماددىنى ئالىدىكەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىنسان ھاياتىدا ھەر خىل پەۋقۇلئاددە ئىشلارغا يولۇقماي قالمايدۇ. شۇڭا تۇز ئۆزىگە خاس شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەم بىر يەردە تېيىلىپ، پۇتلىشىپ ياكى باشقا بىر مەلۇم سەۋەب بىلەن يىقىلىپ بىرەر ئەزاسىنى قايرىۋالسا، چىقىرىۋالسا، ياكى سۇندۇرۇۋالسا، شۇنداق ئەھۋالدا ئاتا - بوۋا سۇنۇقچى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندىن تاشقىرى شورپاختا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى چىققان، زەخىملەنگەن يەرگە سېرىق سۇ يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. شورپاختا تۆگە يۇڭى بولۇپ، ئۇ شاكىراپ سۇغا چىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. بەختكە قارشى تۆگە يۇڭىنى ھەممىلا يەردىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بەرگەن چاغدا بىر تۇتام ئەمەننى چېلەككە سېلىپ ئۈستىگە بىرەر ئۇچۇم تۇز قويۇپ قاينىتىپ، ئەزا كۆيمىگۈدەك دەرىجىگە كەلگەندە قايناتمىغا زەخىملەنگەن ئەزانى سېلىپ 15 مىنۇت ئولتۇرغان ياخشى. قىسقىسى، ئەمەن بىلەن تۇز ئاسان تېپىلىدىغان دورا. ئۈنۈممۇ ناھايىتى يۇقىرى.

گېپىمنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە تۆۋەندە بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن.

1970 - يىلى ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. تاشكەنسار يېزىسىدا تۇغقانلاردىن بىرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىششقا توغرا كەلدى. 90دىن ئېشىپ قالغان جاپپار ئىسىملىك شىرەم تۇغقان مۆتىۋەر بوۋاينىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ يۈزلىرى كۆپتەك ئىششىپ ماڭالماي قاپتۇ، قەبرىستانلىققا بېرىپ دەپنە ئىشلىرىغا قاتنىشالمايدىغانلىقى ئۈچۈن پۇچۇلىنىپ كۆز يېشى قىلىۋاتىدۇ. كۆڭلىنى ياساپ (قېرى ئادەم خۇددى كىچىك بالىدەك كۆڭلى يۇمشاق كېلىدۇغۇ) ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ كەتتىم. قايتىپ قۇرئان ئوقۇلغاندىن كېيىن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدىم.

— چوڭ دادا پۇتىڭىزغا نېمە بولغان؟ — دەپ سورىدىم جاپپار بوۋايدىن.

— قاراڭا، كاساپەت بىر كېچىدىلا مۇشۇنداق ئىششىپ كەتمەمدۇ، — دېدى بوۋاي ساقىلىنى تىترىتىپ.

— چوڭ دادا، كەچۈرىسىز، پۇتىڭىز بىر كېچىدىلا مۇنداق ئىششىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا زەخىملەنگەن، يەنى سىز بۇنىڭدىن خېلى يىل ئاۋۋاللا پۇتىڭىزنى يا ماشىنىدىن يا ھارۋىدىن سەكرەپ ئاغرىتىۋالغان. ياش چوڭايغانسېرى ئۇ كاساپەت ئۆزىنى كۆرسەتكەن گەپ.

— ھەي، تاڭ، ھېچ يادىمدا يوق.

— بىرەر سائەت ۋاقىت بېرەي، ئوبدان ئويلاڭ، ئازدىن داۋالاش ئاسان چۈشىدۇ.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتۈپ بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدىم.

— كامالىدىن بالام، بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرىغۇ دەيمەن، تال چېپىپ كېلەي دەپ سازلىققا بارغاندىم، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى بوۋاي، — قار - مۇزدىن جەينەكتەك كۆتەك چىقىپ تۇرغانىكەن، بۇ قۇرۇق كۆتەكنى پالتىنىڭ جۈلدىسى بىلەن ئۇرۇپ چىقىرىۋالمايمەنمۇ دېگەن ئوي بىلەن، پالتىنى شۇنداقلا كۆتۈرۈپ ئۇرۇۋېدىم پالتا كۆتەكتىن قاڭقىپ پۇتۇمغا تەگمەسمۇ، كۆزۈمدىن ياش ئېقىپ كەتتى. كېيىن ئاغرىق بېسىلدى - دە، ئىشىمنى تۈگىتىپ قايتىۋېدىم. دەل مۇشۇ پۇتۇم. يا سىز دېگەندەك

شۇنىڭ تەسىرىمۇ بۇ؟

ــ دەل شۇنىڭ ئۆزى، چوڭ دادا، ئاغرىقنىڭ سەۋەبى مەلۇم بولدى، ئەمدى ئۇنى داۋالاشمۇ ئاسان، ــ دېدىم مەن، ــ ئۆيۈڭلاردا مالغا بېرىدىغان قارا تىكەن تۇزدىن بارمۇ؟

ــ قىزىق بالا ئىكەنسىز، ــ دەپ كۈلدى جاپپار بوۋاي، ــ مېلى يوق ئادەمنىڭ ئۆيىدە قارا تىكەن تۇز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئابدۇسېيىت دېگەن كىشى «مېنىڭدە بار، قانچىلىك كېرەك» دەپ سورىدى، «مۇشتۇمدەك بولسا كۇپايە» دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاينى تونۇشلاردىن بىرىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، مەن سەل تۇرۇپ بارىمەن، دەپ يولغا سالدىم.

ئەتىياز بولغىنى بىلەن ھاۋا ئىسسىق ئىدى. شۇڭا ئەمەن ئۆسۈپ يەرنىڭ كۆكىنى ئېلىپ قالغانىدى. يوغان بىر ئەمەننى گۆرجەك بىلەن قىرىپ ئالدىم ــ دە، گېزىتكە ئوراپ جاپپار بوۋاينىڭ ئۆيىگە باردىم. بوۋاي تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. بىر كونا چېلەككە يېرىم چېلەك سۇ ئالدىم ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەن بىلەن تۇزنى سېلىپ 15 مىنۇت قاينىتىپ، ئاغزىنى يېپىپ سوۋۇتتۇم، قايناتما پۇت كۆيمىگۈدەك دەرىجىدە سوۋۇغاندا بوۋاينى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، پۇتنى چېلەككە سالغۇزدۇم، 15 مىنۇتتىن كېيىن بوۋاينىڭ پۇتلىرىنى سۈرتۈپ ناسكىسىنى كەيگۈزۈپ ياتقۇزۇپ قويدۇم.

ــ چوڭ دادا، ئەتىگە سائەت توققۇزدا كېلىمەن، ھېچ يەرگە چىقماي مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، ــ دەپ تاپىلىدىم بوۋايغا.

ئەتىسى چاي ــ پاي ئىچىپ شۇنداقلا قارىسام، سائەت توققۇز بولاي دەپتۇ، بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم، بوۋايمۇ ئولتۇرالماي، كىيىنىپ كوچىغا چىقىش مەقسىتىدە ھاسا تايىقىنى ئەمدىلا قولىغا ئالغانىكەن.

ــ پۇت قانداق؟ ــ دېدىم مەن سالام ــ سائەتتىن كېيىن.

ــ ۋاي جېنىم بالام، قوللىرىڭىزنىڭ مۇنچىلىك ئالتۇن ئىكەنلىكىنى تا مۇشۇ كۈنگىچە بىلمەي يۈرۈپتىمەن، ــ دەپ بوۋاي مېنىڭ قوللىرىمنى سۆيۈپ كۆز يېشى قىلدى، ــ كېچە ياخشى ئۇخلىدىم، تونۇگۈنلەرگە قارىغاندا ئىششىقمۇ خېلىلا ياندى.

ــ كىيىنىپ نەگە ماڭغان؟

ــ نەگە ماڭغان دېگىنىڭىزنى قاراڭ، ــ دېدى بوۋاي كۆزلىرىدىكى ياشنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتكەن ھالدا، ــ ئۆلۈم چىققان ئۆيگە بارمىسام بولامدۇ، بىز ئۇرۇق ــ تۇغقان تۇرساق.

ــ بولدى خاتىرجەم يېتىۋېرىڭ، بۇگۈنچە ئەھۋالىڭىزنى ھەممە چۈشىنىپ ھالىڭىزغا يېتىۋاتىدۇ، بىر كۈنگە جاۋابىنى مەن بېرىمەن.

ــ ۋاي بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرگۈر، رەھمەت، بالىلىرىڭىزنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرەرسىز ئىلاھىم، ئۆيدىكىلەرغۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى تىڭشايدۇ، شۇندىمۇ سەت بولامدىكىن دەيمىنا، بالام.

بوۋاي كۆزلىرىمگە ياردار كېپىكتەك مۆل ــ مۆل قارىدى.

ــ بولدى چوڭ دادا، كېلىشتۇق، ئۇ ئۆيدىكىلەرگە ئەھۋالنى دەپ قويىمەن. ئۆزۈم كەچقۇرۇن يەنە بىر كېلىپ كېتىمەن.

بوۋاي نائىلاج كارىۋىتىغا قاراپ ماڭدى.

ئەتىسى ئەتىگەن بوۋاي ئۆزى يەر دەسسەپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ماڭا سالام بەردى.

بەزىلەر بۇنى «بەلكى بىر تاسادىپىيلىق» دېيىشىمۇ مۇمكىن. تۇز بىلەن ئەمەننىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى ئۇنىڭدىن باشقىمۇ بىمارلارغا دورا قىلىش جەريانىدا سىناپ كۆردۈم، ھەممىسىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. گېپىمنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە يەنە بىر تەجرىبىنى ئەسلەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. قورام يېزىسىدىن ئابدۇجېلىل ئىسىملىك 60 ياشتىن ئاشقان بىر تۇغقىنىمىز بىر پۇتىغا ئۆتۈك، بىر پۇتىغا كالاچ كىيگەن پېتى ئېگىز ــ پەس دەسسەپ كەپتۇ. بۇ يېڭى مودىنى كۆرۈپ تۇغقىنىمغا چاقچاق قىلىپ كۈلدۈم. قورامدا شەخسىي قوي بارلارنىڭ قاتار پادىسى بارلىقىنى بىلەتتىم، بۇ جەھەتتىن ئابدۇجېلىل ئاكىنىڭ قولى قۇرۇق ئەمەس ئىدى. نۆۋەت ئۇنىڭغا كەپتۇ. ئابدۇجېلىل ئاكا ئېتىغا مىنىپ، قوينىڭ كەينىدە يۈرۈپتۇ. بىر ۋاقىتتا دالىدا قويلار پىتىراپ كېتىپتۇ. ئابدۇجېلىل ئاكا ئاتنى چاپتۇرۇپ قويلارنىڭ ئۈچ ــ تۆتىنى يىغىپ يۈرگەندە ئات يىقىلىپ ئاكىمىزنىڭ پۇتى ئات

ئاستىدا قېلىپ سۇنۇپتۇ. سۇنۇقچى ساپتۇ. ئۆيدىكىلىرى غۇدۇڭشىپ تورۇۋالغاندىن كېيىن چىشىنى چىشلەپ ئالمۇتاغا قاراپ يولغا چىققان.

ــ بۇ ئاغرىقنى بىر ھەپتە ئىچىدە بىر تەرەپ قىلماي بولمايدۇ، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ــ شۇنداق يۇرۇش چوپچوڭ ئادەم ئۇچۇن سەتقۇ!

ــ قېنى ئالدىڭىزغا كەلدىم، ھۈنىرىڭىز بولسا كۆرسىتىڭ، ــ دەپ ئۇمۇ بوش كەلمىدى.

ئۆيدە دوختۇرخانىدىن ئالغان بىر پاچكا ئەمەن بار ئىدى، شۇنى بەردىم.

ــ ئۆيۈڭلاردا مالغا بېرىدىغان قاراتكەن تۇزدىن باردۇ؟ ئوتتۇرا چېلەك سۇغا بۇ ئەمەن تالقىنىدىن چوڭ قوشۇقتا لىپپىدە ئىككىنى، شۇ تۇزدىن ئۆزىڭىزنىڭ سىقىمىدا بىر تۇتام سېلىپ 15 ـ 20 مىنۇتچە قاينىتىڭ. ئاخشىمى يېتىش ئالدىدا قايناتمىنى پۇت كۆيمىگۇدەك دەرىجىدە ئىللىتىپ، پۇتىڭىزنى چىلاپ 15 مىنۇت ئولتۇرۇڭ، سىز چوڭ ئادەم، سۆڭەكنىڭ تۇتۇشى ئاستا بولىدۇ. شۇڭا دورىنى ئۈزمەي بىر ھەپتە قىلىڭ. كېچىسى قىلغان دورا ياخشى، چۈنكى تالا ـ تۈزگە ماڭمايسىز، ھەرىكەت يوق.

ئابدۇجېلىل ئاكا ئەمەننى ئېلىشنى ئالدى ـ يۇ، ئەمما، ماڭا ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلىپ قارىدى. مەن ئىلاجىنىڭ بارىچە ئىشەندۈردۈم.

ئارىدىن يېرىم ئايدىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئۆتتۈپ، ئۆيگە ئابدۇجېلىل ئاكىنىڭ قىزى كەلدى، مەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.

ــ دادام سىز بەرگەن دورىنى شۇ كۈنى ئۆيگە كېلىپلا تەييارلاپ كېچىسى پۇتىنى چىلاپ ياتتى، ئون كۈنگە قالماي تايىقىنى تاشلىدىغۇ دەيمەن، ھازىر ھەر ئىككى پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ يۈرىدۇ. سىزگە رەھمەت ئېيت دېۋىدى، ــ دېدى قىز.

تۇز ۋە ئەمەننى سىناق سۈپىتىدە مەن دەسلەپ ئۆزۈمگە ئىشلىتىپ كۆرگەن. مەلۇم سەۋەب بىلەن سول پۇتۇم ئوشۇقىدىن چىقىپ كېتىۋىدى، دەسلەپ ئۇنى سۇنۇقچى سالغان، كېيىن ئۇ ئادەتلەنگەن چىقىق بولدى ـ دە، ئەمدى ئۇنى ئۆزۈم سېلىۋالىدىغان بولدۇم. لېكىن ئۇ جېنىمغا ناھايىتى پاتتى. كېيىن ئويلاپ ـ ئويلاپ تۇز بىلەن ئەمەننى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۇدا پۇتۇمنى چىلىۋىدىم، چىقىش دېگەن تامامەن توختاپ كەتتى.

ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز ئىشلىتىپ كۆرۈڭ.

## ئەتىر سوپۇن

ھېلىمۇ يادىمدا، 1950 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى ئىدى. كۆزۈمگە يىڭناسقۇ چىقىدىغان بولۇپ قالدى. دوختۇرخانىغا كىرىمەن، قاڭسىق بىر دورىنى يېقىپ، كۆزۈمنى تېڭىپ قويىدۇ. ئوڭ كۆزۈم ياخشىلانسا، سول كۆزۈمنى قىسىپ دوختۇرخانىغا چاپىمەن. قىسقىسى، بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ كۆزۈم ئالدىدا قىچىشىپ، ئاندىن قاپارتقۇ پەيدا بولاتتى. كۆزۈمگە يىڭناسقۇ چىقىپ قالدى، دەپ دەرستىن قېلىشقا يەنە بولمايدۇ. ئامال قانچە، بىر كۆزۈم تېڭىقلىق پېتى ئىنستىتۇتقا قاتىرايمەن.

نېمىسىنى يوشۇراي، بۇ ئىچىمىزدە يىگىتلىك ئوتى راسا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان مەزگىللەر ئىدى. ھەر كۈنى ئاخشىمى بولمىسىمۇ، ئىككى كۈندە بىر سۆزلىشىپ يۈرگەن قىزنىڭ ئالدىغا بارماي يەنە بولمايدۇ. كۆزنىڭ باھانىسى بىلەن ئۇنى قېيىدىتىپ قويساق، ئۇ چاغدا ئىش تېخىمۇ چاتاق. بىر كۈنى ئۇ، بىر كۈنى بۇ كۆزۈمنى تېڭىپ بارسام، دەسلەپ ئۇ قىز ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى. لېكىن ئۇمۇ ئادەمغۇ، كېيىن چۈشەندى. بىراق، ئۇنىڭمۇ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيتتى. قازاق پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان قىزنىڭ تېبابەتچىلىكتىن نېمە خەۋىرى بولسۇن؟

بىر كۈنى قىزنى كۈتۈپ، قىزلار ياتىقىنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم. ئىنستىتۇت تەرەپتىن مېنىڭدىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇيدىغان خەيرىنساخان دېگەن بىر قىز كېلىپ قالدى.

ــ بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ كۆزىڭىزنى تېڭىۋېلىپ نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ ـ دېدى ئۇ سالام ـ سائەتتىن كېيىن چېقىشىپ. مەن ئەھۋالىمنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇ:

ــ قارىغاندا سىز ئەتىگەندە يۈزىڭىزنى سوپۇنداپ يۇمىسىڭىز كېرەك، ــ دېدى.

ــ نېمىشقا يۇمايدۇ، سوپۇنداپ يۇيىمەن، ــ ئاۋازىم سەل قاتتىقراق چىقىپ كەتتى بولغاي.

ــ ئاچچىقلانماڭ، ــ دېدى ئۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، ــ سىز بولسا بىلگۈن، بولمىسا ئەتە كۆزىڭىزنى ئېچىشتۇرۇپ تۇرۇپ تازا سوپۇنداپ يۇيۇڭ، يىگىت دېگەن

قىزلارنىڭ ئالدىغا مۇنداق كەلسە سەت ئەمەسمۇ؟
خەيرىنىساخانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىردىنلا پەملىدىم ـ يۇ، دوختۇرنىڭ دورىسى كار قىلمايۋاتقان يەردە، ئەتىر سوپۇننىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، دەپ ئويلىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، دەرستىن چۈشۈپلا كۆزۈمنى تازا ئېچىشتۇرۇپ سوپۇنداپ يۇدۇم، سوپۇننىڭ ئاچچىقىغا چىدىغىلى بولمادىغان. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى تۇرسام كۆزۈمنى يېپىپ تۇرىدىغان قاپىقىم ئوبدانلا ئېچىلىپ قاپتۇ. يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەينەككە قارىدىم، خېلى ئوبدانلا ئەسلىمگە كەپ قاپتىمەن. سوپۇنۇمنى كۆتۈرۈپ يەنە سۇخانىغا يۈگۈردۈم.

شۇنىڭ بىلەن كۆزۈمگە ھە دېسىلا يىڭناسقۇ چىقىدىغان ئىشتىن قۇتۇلدۇم. ئىنستىتۇتنى تاماملىدىم، كېيىن «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى رېداكسىيىسىدە ئىشلەپ، پات ـ پاتلا كاماندىروپكىغا چىقىدىغان بولدۇم. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا چېلەككە باردىم. مېھمانخانا تەييار بولمىغىنى ئۈچۈن يۇرتىدىشىم، ئاتاقلىق سازەندە سۇلتانمۇرات رازەموفنىڭ ئۆيىگە چۈشۈشكە توغرا كەلدى. ئوغلىنىڭ بىر قاپىقى ئىششىپ كۆزى يېپىلىپ قاپتۇ. نېمە بولغانلىقىنى سورىسام، يىڭناسقۇ چىقىپ قالدى دېيىشتى.

ـــ بوپتۇ، ئەتىگەنلىككە دورا قىلىمىز، ـــ دېدىم ئىشەنچلىك ھالدا. ئەتىسى سەھەردە ئانىسىغا سۇ تەييارلاتتىم ـ دە، بالىنىڭ چىرقىرىغىنىغا قارىماي كۆزىنى تازا سوپۇنداپ يۇدۇم. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن رايكومغا باردىم، ئۇ يەردىن يەنە ئۇدۇل قورامىغا قاراپ يول ئالدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلسەم، سۇلتانمۇرات ئاكىنىڭ ئوغلى:

ـــ ھېلىقى دوختۇر ئاكام قاچان كېلىدۇ؟ قاچان مېنىڭ كۆزۈمگە دورا قىلىدۇ؟ ـــ دەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقانىكەن. بالا مېنى كۆرۈپلا خۇشال بولدى.

ـــ ئاكا يەنە بىر قېتىم دورا قىلىپ قويامسەن؟

ـــ كۆزۈڭ ياخشى بولۇپ قاپتىغۇ؟

ـــ مەيلى، يەنە بىر قېتىم دورا قىپ قويغىنا، ـــ دەپ تۇرۇۋالدى نارەسىدە. ئانىسىغا سۇ تەييارلىتىپ يەنە سوپۇنداپ يۇدۇم، بىراق، ئۇ بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئانچە چىرقىراپ كەتمىدى.

يىڭناسقۇ ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ بىر كېسەلمۇ ئەمەس. لېكىن، كېسەلنىڭ ياخشىسى يوق، ھەممىسىلا ئوخشاش ئادەمنىڭ جېنىنى قاقشىتىدۇ. سوغ تېگىش تۈپەيلى بولىدىغان ئۈچۈۋقىا ئوخشاش بۇ ئاغرىقنىڭ داۋاسىنى خەيرىنىساخاندىن ئۆگىنىۋېلىپ ئائىلەمچە بىر ئىش قىلغان ئىكەنمەن، شۇ ھۈنەر بىلەن تالاي ئادەملەرنىڭ رەھمىتىنى ئالدىم.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يىڭناسقۇنى ئەتىر سوپۇن بىلەن يۇغاندا بەزىلەرگە ئىككى كۈن، بەزىلەرگە ئۈچ ـ تۆت كۈن كېتىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا ئۇزاق يىللارغىچە يىڭناسقۇ كۆرمەيسىز.

كېيىنكى يىللىرى يىڭناسقۇنى نارەسىدە بالىلارنىڭ سۈيدۈكى بىلەنمۇ داۋالاپ كۆردۈم، بۇمۇ ناھايىتى تېز شىپا قىلىدۇ، لېكىن سوغ تەگكەندىن كېيىن يەنە پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ يىڭناسقۇنى يوقىتىشتا يەنىلا ئەتىر سوپۇن كۈچلۈككەن دەپ قالدىم.

### بۇرۇن ئاغرىقى

ھەرقانداق ماشىنىنىڭ بىرەر قىسمى سۇنسا، چىرىسا ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى چۈشۈپ قالسا ئۇ ماشىنىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە چوقۇم تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئادەم ئورگانىزمىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. مەسىلەن، بۇرۇننىلا ئالايلى، ئۇ ئاساسەن ھاۋانى سۈمۈرۈش ۋە چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئالىملارنىڭ تەكتلىشىچە ماڭقا بىلەن بىللە ئادەمنىڭ ئىچىدە يىغىلىپ قالغان «ئەخلەت»نىمۇ تېشىغا چىقىرىپ تاشلايدىكەن. بۇرۇن گەرچە ئاساسلىق ئەزا ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئۇ زەخمىلەنسە پۈتكۈل ئورگانىزمغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، لازىنىڭ ئاچچىقىنى تېتىغان بىلىدۇ، دېگەندەك كېسەلنىڭ دەردىنى دەرد تارتقان ئادەملا ياخشى بىلىدۇ.

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، ھە دېسىلا چۈشكۈرىمەن ـ دە، ئارقىدىنلا كۆزلىرىم ۋە بۇرنۇمدىن شارىلداپ سۇ ئېقىشقا باشلايتتى. دەررۇ دوختۇرخانىغا يۈگۈرەيتتىم. دوختۇر قاراپلا دورا يېزىپ بېرەتتى. دورىنى ئىچمىتىپ سەل ياخشىلانغاندەك ھېس قىلاتتىم. دوختۇر دەسلەپ ئۇنى تۇمۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى، كېيىن «بۇرنۇڭنىڭ ئىچىدىكى شىللىق پەردىگە سوغ تېگىپتۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ فىزئولوگىيىلىك داۋالىنىشقا يوللىدى. ئېلېكترنىڭ ياردىمىدە بۇرنۇمغا قايتا ـ قايتا ئىسسىق ئۆتكۈزدى.

2004.6

ئەمما ئېيىغا يەتمەيلا يەنە ئاغرىدىم. دوختۇرنىڭ يېنىغا قايتا ــ قايتا بېرىشتىن خىجىل بولۇپ، مىشلداپ يۈرۈپ ئىشلەۋەردىم. كېيىن دوختۇر «سىزگە بىر نەرسە زىيان قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، بىز بۇنى بۆرۈن ياللۇغى دەيمىز، بۇنى ئېنىقلاش كېرەك، يەنە ئۈچ كۈن ئۆيدە داۋالىنىپ كېلىڭ» دەپ چىقىرىۋەتتى.

دوختۇرنىڭ دورىسى كار قىلمايۋاتقان يەردە ئۆيدە نېمە بولسۇن؟

ئۈچ ــ تۆت قېتىم چۈشكۈرگەندىن كېيىن پۈتكۈل بەدىنىمدە ماغدۇرسىزلىق سېزىلىدۇ ــ دە، لاسىسدە يېتىپ قالىدىغان بولدۇم. ئۆيدىكىلەر مەيلى، ئىش ئورنىدا يېتىۋېلىش ھەرقانداق ئادەمگە ئەپسىز. دوختۇرلار «ئاپتوبۇستا قانداق بولىسىز؟ قانداق ئادەمنىڭ يېنىغا بارغاندا چۈشكۈرگۈڭىز كېلىدۇ؟ قانداق تاماقتىن كېيىن بىئارام بولىسىز» دەپ سوئالغا كۆمۈۋەتتى. مېنىڭ چۈشكۈرۈشۈم، كۆز ۋە بۆرنۇمدىن سۇنىڭ ئېقىشى ئۇلارنىمۇ ئەجەبلەندۈرۈۋەتتى. چۈنكى مەن يەرمۇ، تاماقمۇ، ئادەممۇ تاللىماي چۈشكۈرۈۋېرەتتىم. كوچىدا ماڭسامۇ شۇ ئىدى.

شۇنداق قىلىپ يۈرگەندە ئاچچىق ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىدىن بەش ــ ئالتە دانە چېقىپ مېغىزىنى ھاۋانچىدا تاللاپ، چوڭ قوشۇقتا بىر قوشۇق ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈچ ــ تۆت كۈن تىنىدۇرغاندىن كېيىن بۆرۈننىڭ ئىچىنى مايلاش توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ئۇسۇلدا داۋالىنىش جەريانىدا جىنىم سەل ئارام تېپىپ قالدى. بىراق، تولۇق ساقىيىپ كېتەلمىدىم.

سۆز نۆۋىتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزىنى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان دورا يېزىدىكى سېرىق سېغىش ئۈچۈن كالىنىڭ يېنىغا بارغاندا چۈشكۈرۈپ، بۆرنىدىن سۇ ئاقىدىغان ئاياللارغا ناھايىتى شىپالىق ئىكەن. ئەگەر ئۇنى ئۇدا بىر نەچچە كۈن، كۈنىگە ئۈچ ــ تۆت قېتىم مايلاپ يۈرسە، بۇ كېسەلدىن تامامەن قۇتۇلۇپ كېتىدىكەن. بۇ ئەمەلىيەتتە سىناقتىن ئۆتتى.

شۇغىنىسى، بۇ دورىنىڭ شەخسەن ماڭا ئانچە ياردىمى تەگمىدى. شۇ ئارىدا ئامېرىكىلىق ۋراچ د. س. جارۋىسنىڭ بىر كىتابىدىن بۆرۈن ياللۇغىنى ھەسەل ئاجراتقاندا چىقىدىغان قالدۇق (تىرىپ)نى سېغىزدەك چايناش ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلىنى ئوقۇپ قالدىم. قېرىشقاندەك ئۇ قالدۇق تېپىلماي، ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۆنىكى (ئۇ يىللاردا ئىچىدە ھەسىلى بار كۆنەكنىڭ يۈز گىرامى بىر سوم ئىدى) قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنى ساتقۇچىلار بۇمۇ شىپالىق دەپ، پىچاقنىڭ ئۇچىدا ئېلىپ قەغەزگە ئېلىپ بەردى. شۇنداقلا تىلىمنىڭ ئۇچىغا قويۇپ تۇرسام، پۈتۈپ كەتكەن بۆرنۇم ئېچىلىپ، ئۆزۈمنى باشقىچىلا ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككى بولاق ئېلىپ قايتتىم. جارۋىس تەكىتلىگەندەك كۈنىگە بىر نەچچە قېتىم 15 مىنۇتتىن چايندىم. كېيىن تونۇشلار ئارقىلىق ھەسەل ھەرىسى باققۇچىلاردىن ئىككى راما ئالدىم. ئىشقىلىپ ئىلگىرىكى ئازابلىرىم خېلىلا يېنىكلەپ قالدى.

بىر ياخشىنىڭ بىر يامان تەرىپى بولماي قالمايدىكەن. ھەرە كۆنىكىنى چاينىغاندا بۆرنۇم ئېچىلغىنى بىلەن ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ چىشلىرىم بوشاپ چۈشۈشكە باشلىدى. كېيىن ھەسەل قالدۇقىنىڭ ئۆزىدىن ئازراق تاپتىم. لېكىن، ئەمدى ئۇنى چاينىغۇدەك چىش قېنى؟ يەنە بىر يېرى، ئۇنى ئېغىزنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ چايناش كېرەك ئىكەن. سەۋەبى، شامال تەگسە ئۇ تېرىقتەك چېچىلىپ چاينىغىلى بولمايدىكەن.

مەيلى تۇمۇ تېگىپ ئاغرىلىڭ، مەيلى خرونىكىلىق رىنىت بىلەن ئاغرىلىڭ، بۆرۈننى داۋالاشتا كىر سوپۇنىغا يېتىدىغىنى يوقمىكىن دەيمەن. ئۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، چۈشكۈرۈپ بۆرۈن ۋە كۆزلىرىڭىزدىن سۇ ياكى ياش ئېقىپ ئارامىڭىزغا قويمىغاندا كىر سوپۇنىنى ئېزىپ كۆپۈكىنى چىمچىلىقىڭىز بىلەن ئېلىپ بۆرنىڭىزنىڭ ئىچىگە سۈرۈڭ. بەزىلەر بىر قېتىم سۈرۈپلا ۋاي، بۇمۇ چاغلىق ئىكەن، دەپ تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنداق چىدىماسلىق قىلسىڭىز چوقۇم ئاغرىقنى كۈچەيتىۋالىسىز. ئاچچىقىغا چىداپ تۇرۇپ كۈنىگە تۆت ــ بەش قېتىم سۈرۈڭ. بەزىلەرگە بىر ــ ئىككى كۈن، يەنە بەزىلەرگە ئۈچ ــ تۆت كۈن كۇپايە.

كۆرگەن كۆرگەننى قىلۇر، دەپ مەنمۇ پەقەت ئۆز تەجرىبەمدە كۆرگىنىمنى مىسال تەرىقىسىدە ھېكايە قىلدىم. يەنە بىر ئېيتىپ كېتىدىغىنىم بۇنىڭ باشقا ئورگانلارغا ھېچقانداق ئەكس تەسىرى يوق.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مەن تارتقان ئازابنى باشقىلار تارتمىسۇن.

## سۇۋادان

مەلۇم بىر سەۋەب بىلەن ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسىنىڭ تاشتىقارا يېزىسىغا بارغانىدىم. يېقىن ئارىلىشىپ يۈرگەن قۇددۇس ئىسىملىك كىشى ئاتىسىنىڭ يىلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. نەزىرگە قاتناشماي مۇمكىن ئەمەس.

ئەتىگەنرەك ئەل يىغىلمىغان چاغدا باردۇق. سالاملاشقاندىن كېيىن تۆت-بەشىمىز بىر چەتتە پاراڭلىشىپ تۇرساق، يېنىمىزغا قۇددۇس كەلدى.

—كامال،—دېدى ئۇ ماڭا مۇراجىئەت قىلىپ،—ئاداش ئاخشامدىن بېرى قىزىمنىڭ چىشى ئاغرىپ تاڭنى ئۆرە ئۆتكۈزدۇق، قولۇڭ خېلى ئەپلىك ئىدى، بىر نەرسە قىلامسەن؟

—قۇرت يېمىگەندۇ؟

—ياق.

—ئۇنداق بولسا ئۆيۈڭدىن پالتاڭنى ئېلىپ چىق.

خىيالىمغا بىردىن سۇۋادان كەلدى، بەش-ئالتە ياشلىرىم بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، كىچىك ئانامغا ئەگىشىپ، بۇلاق دېگەن يېرىمىزگە باردىم. بۇ يەردە ئەپيۇن كېسەللىۋاتاتتى، تۇرۇپلا چىشىم بىر قاتتىق ئاغرىدى، دومىلاپ كەتتىم، شۇ چاغدا كىچىك ئانام كىملەرنىڭدۇ گېپىگە كىرىپ بەڭگىدىۋانە ئۇرۇقىنى قورۇپ، لاتىغا ئورىدى-دە، مېنىڭ قۇلىقىمغا باستى، كېيىن ھوشۇمدىن قانداق كەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، كۆزۈمنى ئاچتىم، تېخىچىلا بېشىم قېيىۋاتىدۇ، ئازراق قەي قىلدىم، كىچىك ئانام گاراڭ بولۇپ قالغانلىقىمغا قارىماي مېنى ئاتىنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ، مەھەللىگە ئېلىپ ماڭدى. مومام ئەھۋالنى بىلىپ سۇ ئىچكۈزدى، توخۇ قانتىدىن بىر تال ئېلىپ تامىقىمغا ئېلىپ قۇسقۇزدى.

—ھوي، خام كاللا، بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ شۇ بۇلاقتا نېمىشكە ئەگەشتۈرۈپ باردىڭ، سېنى بۆرە يەپ كېتەتتىمۇ؟—دەپ ۋايسايتتى مومام،—ئۆلتەرگەن بولساڭ ئاكاڭ ئەمەس، ئۆزۈملا چاچلىرىڭنى بىر تالدىن يۇلاتتىم، يوق بىرىنىڭ گېپىگە كىرگۈچە، ئېلىپ ئۆيگە قايتساڭچۇ؟ ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ جېنىم بالامنى.

كىچىك ئانام داپتەك ئىششىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى، زۇۋانى تۇتۇلغان، ئەيىبلىك.

—چىش ئاغرىقىغا سۇۋادانىنىڭ قوۋزىقىدىن ئېسىل دورا بارمۇ، بۇ دۇنيادا؟—دېدى مومام مەريەمخان.

قۇددۇس قىزىنىڭ چىشى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا مېنىڭ يادىمغا شۇ ۋەقە كەلدى-دە، ئىشەنچلىك ھالدا پالتا سورىدىم.

ئاپىلتا بىلەن سۇۋادان دەرەخىنىڭ قوۋزىقىنى چېپىپ، تېشىدىكى ئاق پوستىنى پىچاق بىلەن شىلىپ ئېلىپ تاشلىدىم. ئىچكى قىسمىدىن بىر پارچە كېسىپ قۇددۇسقا تۇتقۇزدۇم.

—مە، مۇشۇنى قاينىتىپ قىزىڭ ئىسسىق-ئىسسىق ئاغزىغا ئېلىپ تۇتسۇن، ئېيتمىدى دېمە، قايناتما ئاچچىق بولىدۇ،—دەپ ئاگاھلاندۇردۇم.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ھويلىغا چىقىپ تۇرسام، قۇددۇس كىرىپ كەلدى.

—ئاخشام كىرەي دېسەم، ۋاقىت بولمىدى، ئۆزۈڭ بىلسەن، ئۆيدە يىراق-يېقىندىن كەلگەن تۇغقانلار،—دېدى قۇددۇس كەچۈرۈم سورىغاندەك قىلىپ،—قىزنىڭ ئۆزىنى كىر دېسەم، ئىزا تارتىپ ئۇنىمىدى، خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن.

مەن بۇنى بەلكىم بىر تاسادىپىيلىقتۇ، مومام مەريەمخاندىن ئوبدانراق بىلىۋالمىغانلىقىمنى قارا، دەپ ئېچىندىم، بىراق ئېچىنىشىم بىكار بولۇپ چىقتى، چۈنكى مومامنىڭ روھى قوللىدىمۇ بىلمەيمەن، كېيىن نۇرغۇن قېتىم تەجرىبىدە ياخشى نەتىجە بەردى. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنە بىر مىسالنى كەلتۈرمەكچىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇغمەن يېزىسىغا باردىم. ئانام ھېلىقى مېنى بۇلاق دېگەن يەردە ئۇ دۇنيالىق قىلىشقا تاس-تاس قالغان كىچىك ئانامنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى چىشى ئاغرىپ سىرتقا چىقالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئالدىراش ئانامنىڭ بىر ئاپقۇر چېيىنى ئىچىپ، كىچىك ئانامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردىم. بىچارە ئانام ئاغرىق ئازابىنى تارتىۋېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۆت تۈپ سۇۋادان دەرەخ ئۆسكەنىدى. پالتىنى كۆتۈرۈپ چىقتىم-دە، بىرىنىڭ قوۋزىقىنى چېپىپ چۈشۈردۈم ۋە قاينىتىپ دورا ياساپ بەردىم.

—مانا، ساڭا دورا، مۇشۇنى بەردەم-بەردەم

ئىسسىق ــ ئىسسىق ئاغزىمغا ئېلىپ ئولتۇر، ئاچچىقلىقىدىن قورقما، بۇ ساڭا ئەتىگىچە يېتىدۇ، ئاغرىق توختىمىسا ئەتە كەلگەندە يەنە قايىنىتىپ بېرىمەن،ــ دەپ چىقىپ كەتتىم.

قولۇم ــ قوشنا، ئۇرۇق ــ تۇغقانلار كېلىپ ئەتىگەنلىكى ھايال بولۇپ چىقتىم، يولدا ئويلىمىغانلا يەردە چىشى ئاغرىپ ياتقان كىچىك ئانام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، چىرايىدىن تونۇغۇنكى شۇمشەرەش، بىچارىلىقتىن ئەسەر قالماپتۇ. چاچلىرىنى تاراپ، ئادىتىچە چاچ تەڭگىلىرىنى سېلىپ تويغا ماڭغاندەك ياسىنىپ چىقىپتۇ، چاچلىرىنىڭ قېتىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا ئەتىمالىم بېشىغا يېلىممۇ چاپقان بولسا كېرەك، ئۇ بىزنىڭ يېزىدا كونا پوسۇننى قويماي يۈرگەن بىردىنبىر ئايال.

ــ ئاكام قانداق؟ــ دەپ سورىدى ئۇ سالام ــ سائەتتىن كېيىن،ــ ھاردۇقۇڭ چىقىپتىمۇ؟

ــ ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداق، چىشىڭنىڭ ئاغرىقى بېسىلدىمۇ؟

ــ ۋىيەي، مەن ساڭا تېخى رەھمەت ئېيتقىلى مېڭىۋېدىم. ۋاي جېنىم قېرىنداشىم،ــ دەپ پېشانە، مەڭزىلىرىمگە سۆيۈپ كەتتى،ــ ئەكەلگىنە ئالتۇن قوللىرىڭنىمۇ سۆيۈپ قوياي.

كېيىنمۇ بۇ دورىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئارام ئالدى. چىش ئاغرىقىغا ئادەم ئۆلمەيدۇ، چىش ئاغرىقىنى ئادەم بىلمەيدۇ، ھەق گەپ.

بىراق، مەن ئوقۇغان كىتابلارنىڭ ھېچبولمىغاندا بىرەرسىدىن سۇۋادان دەرىخى قوۋزىقى تەركىبىدە نېمە بارلىقىنى ئوقۇغىنىم يوق. كەلگۈسىدە بەلكى ئالىملار ئۇنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلار.

## توخۇ يېغى

ئاڭلىغانلىرىم بىلەن تۇرمۇشتا سىناپ كۆرگەنلىرىم ئويلاپ كۆرسەم خېلى جىق ئوخشايدۇ، بىرىنى يازسام بىرى قېلىۋاتىدۇ. ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە قولۇمغا قەلەم ئالغانىكەنمەن، ھېچنەرسىنى يوشۇرماي قەغەزگە چۈشۈرىمەن. ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى بىرىگە بولمىسا، بىرىگە چوقۇم داۋا بولىدۇ.

ئۇدۇل قوشنىمىز يالغۇز ئايال گ × × تۈيۈقسىزلا ئۈچ ــ تۆت كۈن يوقاپ كەتتى. مەن تېخى ئۇنى ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىنىڭ ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ يۈرۈپتىمەن. كېيىن ئۇقسام، ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقىپتۇ.

ــ دوختۇرخانىدا ياتقان بولسىڭىز تازىمۇ چاپسان چىقىرىۋېتىپتىغۇ؟ــ دېدىم ئەجەبلىنىپ.

ــ سىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي، قوشنام، گېمورويى ئىدىم، بۇ كاساپەت ئارامىمنى قويماي جىلە قىلىۋەتتى، دوختۇرغا كۆرۈنۈۋېدىم كېسەلخانىدا يات، ئوپېراتسىيە قىلايلى، دېدى. رازى بولدۇم. بىر بۆلۈمدە ئۈچ ــ تۆت ئايال ياتىدىكەن، بىر ــ بىرىمىزدىن قانداق ئاغرىق بىلەن ئاغرىغانلىقىمىزنى سورۇشتە قىلدۇق. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ تام تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ياتقان ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى.

ــ تىغ تەگكۈزۈشكە ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق،ــ دېدى ئۇ،ــ باشقا ھېچ ئىلاج قىلالمىدىڭىزمۇ؟

ــ ئاڭلىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆردۈم، كاساپەت ھازىر پولتىيىپ تېشىغا چىقىپ قالدى، ھەتتا مېڭىش ــ تۇرۇشلارىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئارا ــ چولدا تېخى يېرىلىپ ... ئۆزىڭىز بىلىسىز ــ دېدىم.

ــ توخۇ يېغىنى ئىشلىتىپ كۆردىڭىزمۇ؟

ــ ياق، بۇنى تېخى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

ــ ئۆيىڭىزگە چىقىپ كېتىڭ، ئوپېراتسىيە قىلدۇرماڭ،ــ دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن،ــ بۈگۈن ئوپېراتسىيە قىلدۇرغىنىڭىز بىلەن بىر يىلدىن كېيىن يەنە دوختۇرخانىغا بارىسىز. ئۇنىڭ قوزغىلىدىغان ئادىتى بار. ئۆيىڭىزگە چىقىپ بازاردىن بىر سېمىز توخۇ سېتىۋېلىڭ، ئۇنىڭ ئىچ ھېيىنى توغراپ خۇددى قۇيرۇق مايغا ئوخشاش كۆيدۈرۈڭ، جىگىردىكىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىڭ، كۈندە ئاخشىمى يېتىش ئالدىدا سوپۇنداپ يۇيۇڭ، ئاندىن پاختىنى مايغا چىلاپ ئاغرىۋاتقان يېرىڭىزگە تىقىپ قويۇڭ، ئەتىگەندە تەرەت بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، بەش كۈندە ساقىيىپ كېتىسىز.

ــ بۇمۇ بىر ئەپقاچتى گەپتىن بولسا كېرەك،ــ دەپ ئويلىدىم، لېكىن قوشنام گ × × غا سىر بەرمىدىم.

ــ ھەر ھالدا سىناپ كۆرۈش كېرەك ئىكەن، ئۇنىڭ

نېمە زىيىنى بار ـــ دېدىم ـــ بەزىدە ئەرزىمىگەنلا بىر نەرسە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

ـــ مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن ـــ دېدى قوشنام.

شۇ ئاربدا دەم ئېلىشقا كېتىپ قالدىم، 20 كۈندە قايتتىم، كەچقۇرۇنلۇقى ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتىم. گ× × چىقىپ كەلدى.

ـــ ھە، قوشنا قانداق؟ ـــ دېدىم مەن.

ـــ نېمىسىنى يوشۇراي قوشنا، ئانامدىن قايتىدىن تۇغۇلغاندەك بولدۇم، تىلىمغا تاش، ئىشقىلىپ مۇشۇنىڭ بىلەنلا قۇتۇلغان بولسام ...

ـــ خۇدا شىپالىق بېرىپتۇ ـ دە...

ـــ شۈكۈر.

قوشنامنىڭ بۇ ھېكايىسىنى مەن ئېقتىماي ـ تېمتماي تونۇشلاردىن ئۈچ ـ تۆتىسىگە ئېيتىپ بەردىم. لېكىن ئۇلار قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا ماڭا لام ـ جىم دېمىدى، بىراق ئۇنچىقماي يۈرگىنىگە قارىغاندا ئۇلارمۇ بۇ ئاغرىقتىن قۇتۇلغان بولسا كېرەك، بولمىسا ئالللىقاچان ھالىنى ئېيتىپ ئالدىمغا كېلەر ئىدى. بەلكى بەزىلەرگە ئوخشاش ئۆزۈمنىڭ ئەقلى بىلەن مەن مانا شۇنداق ئاغرىقتىن ئاسان قۇتۇلدۇم، دەپ ماختىنىپ يۈرگەندۇ.

توخۇ يېغى توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا مۇنداق بىر نەرسىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. بەزىلەرنىڭ بېشى بولۇپمۇ چوققىسى ئاغرىيدۇ، تولا ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ھەتتا دوختۇرخانىلارنىڭمۇ دورىسى كار قىلمايدۇ. بېشى خۇددى شۇنداق ئاغرىغانلارنىڭ چوققىسغا يېڭى سويۇلغان توخۇنىڭ ئىچ يېغىنى تېڭىش لازىم. ئۇنى مومام رەھمەتمۇ بۇيرۇيتتى. ئەگەر باش ئىسسىقتىن ئاغرىغان بولسا توخۇ يېغى چاپلانغاندىن كېيىن ئاغرىق توختايدۇ، ئەتىمالىم باشنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان ئىششىقلارنىمۇ قايتۇرسا كېرەك.

### يود

يار كەنت شەھرىدە تۇرىدىغان بىر تېۋىپ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە توغرا كەلدى. بىراق ئۇ گەپ يورغىلىتىپ ھېچ نەرسىنى دەپ بەرگۈسى كەلمىدى.

ـــ ياخشىلىق قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىغىچە ياخشىلىق قىلىڭ ـ دە، ـــ دېدىم ئۇنىڭ قىلىقىغا نارازى بولۇپ، ـــ ئالدىڭىزغا ئادەملەرنى ياندۇر ـ ياندۇر كەلتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ـــ ئۇ دېگىنىڭىز توغرا، ـــ دەيتتى، ئۇ سوغۇق قانلىق بىلەن تەرىنى تۈرمەي ـــ مەن ئىلگىرى خۇددى سىز ئويلىغاندەك ئالدىمغا كەلگەنلەرگە ھەممىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرەتتىم. ئۈچ ـ تۆت يۇرت چوڭى «سەن ئۇنداق دورىلىرىڭنى كۆرگەنلا ئادەمگە ئېيتىپ، كۆرسىتىۋەرمە. پەقەت ئۆزۈڭ ياساپ بەر، بولمىسا قولۇڭدىن بەرىكەتلىك كېتىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭدىن بۇيان شىپالىق ئوت ـ چۆپلەرنى دورىخانىغا تاپشۇرمايدىغان، كەلگەنلەرگە ئېيتىپ كۆرسەتمەيدىغان بولدۇم. دورىنى پەقەت ئۆزۈم ياساپ بېرىۋاتىمەن.

بۇ جاھىل ئادەمگە ھەرقانداق قىلساممۇ، ئۇز سۆزىدىن قايتمىدى، ئاڭلىغىنىم خاتا بولمىسا، ئۇ ھېلىھەم ھېچكىمگە سىر بەرمەي، دورىنى پەقەت ئۆزى ياساپ بېرىۋاتقان ئوخشايدۇ. بىلمىدىم، ئۇنىڭ ئۇسۇلى توغرىمۇ. بىراق، باشقىلار ئۆلسە، سەنمۇ ئۆلەمسەن، دېگەندەك ئۇنىڭ يولىنى تۇتقۇم كەلمىدى.

پۇت ئاغرىقى، پۇت بولغاندىمۇ، لېپەك ئاغرىقى. بۇنى سۆزلەپ بەرگۈچىمۇ: «بۇ دورىنى ھېچكىمگە ئېيتما، ياخشى بولسا ئۆزىدىن، يامان بولسا سېنىڭدىن كۆرىدۇ ۋە تىللايدۇ» دەپ تاپىلىغانىدى، مەن پەقەت ياخشى نىيەت بىلەن ئېيتىۋاتىمەن.

مېنىڭ بۇ سۆھبەتدىشىم ئۆزبېكىستان رادىئوسىنىڭ خادىمى نىچايىپ دېگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تۆۋەندىكىچە:

ئايالىمنىڭ پۇتى ئاغرىپ كۆرسەتمىگەن دوختۇرۇم، ئاپارمىغان دوختۇرخانام قالمىدى.

ـــ ئايالىڭىزنىڭ پۇتى بولغاندا، پۇتىنىڭ قايسى يېرى ئاغرىيتتى؟ ـــ دەپ يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سورىدىم.

ـــ لېپەكنىڭ ئاستىدىن باشلاپ يۇقىرىسىغا، قىسقىسى، قىلمىغان دورام قالمىدى، دېسەممۇ بولىدۇ. بىر كۈنى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرى بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىم خىيالىمغا كەلدى ـ دە، شۇلارنى ئويلاپ ياتاتتىم. تۇرۇپلا پۇتىدىكى جاراھەت قۇرتلاپ كەتكەن بىر ئەسكەر دوختۇرخانىنىڭ نېرىسىدىكى سازلىق بويىدا ئولتۇرۇپ، يارد-

سىنى سازلىق سۇيىدە يۇغان ئىكەن، ئەتىگەنلىكى قارىسا قۇرتلار تۈكۈلۈپ، يارىسى قارىيىپ قاپتۇ. كېيىن ئۇنى دوختۇرلار تەكشۈرۈپ كۆردى. سۇ تەركىبىدە يود بار ئىكەن. يارىغا شۇ تەسىر قىلغانىكەن. ئۇ سۇ ناھايىتى يىراقتا. ئاپالىمنى ئاپىرىش تەس، شۇڭا ئۆيدىكى يود بىلەن لېپەكنىڭ ئاستىغا سېتكا ياساپ كۆرمەيمەنمۇ، سەۋەب بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىدىم ۋە ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، لامپىنى ياندۇرۇپ پەلكۈچ ياسىدىم. لېپەكنىڭ ئاستىغا يود بىلەن سېتكا ياسىدىم ۋە ئوراپ ياتقۇزۇۋەتتىم. ئەتىگەنلىكى ئاپالىم ئويغىنىپ:

ــ ئۇۋان ساڭا تانسا ئويناپ بېرەيمۇ؟ ــ دەيدۇ.

ــ قانداقسىگە؟

ــ پۇتۇم يەپيەڭگىل، خۇددى ئاغرىپ باقمىغاندەك تۇرىدۇ.

ــ خۇداغا شۈكۈر، ئالدىرىما، تېخى تانسىمۇ ئويناپ قالارسەن.

ئاپالىمنى ئۇدا ئۈچ كۈن ئاخشىمى سېتكا ياساپ ياتقۇزدۇم. مانا بەش يىلدىن ئېشىپ قالدى، ئاپالىم خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرىدۇ.

ئۇۋان نىچايىپنىڭ گېپى مېنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى بىز ئۆيدە مۇبادا پەرزەنتلىرىمىزگە تۇمۇ تېگىپ، يۆتىلىپ قالسا، بالىنىڭ ئۇلىك مۇرىسىگە، تۆشىگە ۋە تاپىنىغا خۇددى كاتەكچە دەپتەر شەكلىدە سېتكا ياساپ داۋالايتتۇق. نىچايىپنىڭ دېگىنىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە پەرقلىق ئەمەس ئىدى. كېيىنكى يىللىرى نىچايىپنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى تالاي بىمارلارغا سۆزلەپ بەردىم. كۆپچىلىكى كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىشتى.

كىمدۇر بىرى مۇبادا دوۋسىقىغا سوغ تېگىپ ئاغرىسا، دوۋساق ئۈستىگە يود بىلەن سېتكا ياساشنىڭ ياخشى نەتىجە بېرىدىغانلىقىنىمۇ تەكىتلىگەنىدى. ئەمما مەن بۇ ئۇسۇلنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق كېسەل ئالدىمغا كېلىپ باقمىدى.

بەزىلەر سوغ تېگىپ يۆتەلگەندە بىرونختىتا بىر ئىستاكان قايناقسۇنى سەل سوۋۇتۇپ بىر تامچە يود تېمىتىپ ئىچسە، زۇكامدىن ئاسان قۇتۇلۇشقا بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتى. ئەمما مەن ئۇنى سىناپ كۆرمىدىم.

## پىياز سۇتى

چاچنىڭ تۈكۈلۈشى ئادەمگە ئۇنچىلا بىر قايغۇ ـ ھەسرەت، جاپا ـ مۇشەققەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى چېچى چۈشۈشتىن بىر نەرسە بولغان ئادەمنى ھېچكىم كۆرگىنى يوق. ئەمما، ئاتا ـ بوۋىلار «چاچ ئادەمنىڭ زىننىتى» دېگەنىكەن. ھەقىقەتەنمۇ باشتا چاچ بولمىسا، ئادەمنىڭ چىراي ـ شەكلى ناھايىتى سەتلىشىپ، غەيرىي كۆرۈنىدۇ.

بىز بۇ بابتا بېشىدا تامامەن چېچى قالمىغان ئادەملەر توغرۇلۇق ئەمەس، پەقەت باشتىكى ئادەمگە سىن بېرىپ تۇرىدىغان چاچنىڭ دائىرىلىك چۈشۈشى توغرىسىدا ھېكايە قىلماقچىمىز. چۈنكى بۈگۈنكى ھەممە نەرسە خىمىيلەشكەن، ئاتوم زامانىسىدا مۇشۇنداق كېسەل پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماقتا. بۇ بولۇپمۇ قىزلىرىمىزغا نىسبەتەن بىر چوڭ پاجىئە بولۇپ تۇرماقتا. قايسى بىر قىز ھەممە ئەزاسى بېجىرىم، كەم ـ كۈتىسىز بولۇشنى خالىمايدۇ، دەيسىز؟

ياركەنت شەھرىدە مېنىڭ مۇھەممەد ئىسىملىك كۆڭلى يېقىن ئاغىنەم بار. بىر كۈنى شۇلارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، چاچ چۈشۈش توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالدى. بىرىمىز ئۇنى، بىرىمىز بۇنى دېيىشتۇق. ئاخىر گەپ مۇھەممەدنىڭ ئاپالى ماھنۇرغا كەلدى.

ــ بىر كۈنى قارىسام، ــ دەپ باشلىدى ماھنۇر ھېكايىسىنى، ــ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۇششاق باللار يىغىلىپ ئويناۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئويۇنىغىنىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇردۇم. بىر ۋاقىتتا كۆزۈم بېشىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە چېچى يوق بىر بالىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەددىسىمۇ بار ئىكەن، چاقىردىم:

ــ قىزىم، ـ دېدىم ئۇنىڭغا، ــ ئۆيگە بېرىپ ئاپىڭىزغا ئېيتىڭ، ھەر كۈنى ئاش ـ تاماق ئېتىشكە پىياز توغرىغاندا چىققان سۇتنى ئۆكتىڭىزنىڭ ئاۋۇ چېچى چۈشۈپ كەتكەن يېرىگە ئېرىنمەي سۈركەپ قويسۇن، ماقۇلمۇ؟

ــ ماقۇل، چوڭ ئاپا، ئېيتىمەن.

ئويناپ يۈرگەن بالىنىڭ خىيالى بىر يەردە بولمايدۇ ـ غۇ. مەن ئۇ قىز ۋەدە قىلغان بىلەن بەرىبىر ئۇنتۇپ قال-

دى، دەپ يۈردۈم. بىر كۈنى ئىشكىمىز ئالدىغا يەنە با-لىلار يىغىلىپ قاپتۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ ھېلىقى چېچى چۈ-شۈپ كەتكەن بالا يادىمغا كەلدى. قارىسام ئۇمۇ پىلتىڭ-لاپ پوكىزەك ئويناپ يۈرۈپتۇ. ئۇنى چاقىرىپ قارىسام، بالىنىڭ بېشىدىكى تاقىر يەرگە غۇچچىدە قاپىقارا چاچ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ خۇددى ئۆز بالامدەك خۇشال بولۇپ كەتتىم.

ــماھنۇر بۇنى ئۆزىڭىز بىلىپ ئېيتتىڭىزمۇ يا بىرى-دىن ئاڭلىغانمىدىڭىز ؟

ــئويلاپ ـ ئويلاپ ھېچ يادىمغا كەلتۈرەلمىدىم،ــ دېدى ماھنۇر،ــ بىرىدىن ئاڭلىغان بولسام كېرەك.پىياز توغرىغاندا چىقىدىغان سۈتنى شىرنە دېسىمۇ بولىدۇ. بە-راق ئۇ پىيازنى ئېزىپ چىقارغاندىكى شىرنىغا پەقەت ئوخشىمايدۇ، سۈتتەك ئاق، شۇڭا ئۇنى پىياز سۈتى دېدىم. ھېلىقى بالىنىڭ ئانىسى خېلى دىتى بار ئايال ئوخشايدۇ، مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىپتۇ.

ماھنۇرنىڭ گېپى مېنى ھەم ئەجەبلەندۈردى ھەم قى-زىقتۇردى. شۇ ھامان ئۇنى بىر سىناپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. لېكىن، چېچى دائىرىلىك چۈشكەن بالا ئادەمگە ئۇچراۋەرمەيدۇ. شۇنىڭدىن تالاي يىللار ئۆتتى.

ــكامال،ــ دېدى قوشنىلاردىن بىرى نەدىندۇر كې-لىۋاتقىنىمدا مېنى چاقىرىپ،ــ قاراڭ، بىزنىڭ كەنجى قىز-نىڭ چېچى ئۇ يەر، بۇ يەردىن چۈشۈپ بىچارىنى پارا-كەندە قىلىۋاتىدۇ. دوختۇرغا بارغانىدى، دورا بېرىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ. شۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ بەرسىڭىز چۇ!

يادىمغا يار كەنتلىك ماھنۇرنىڭ ھېكايىسى كەلدى ـ دە، ئۇنى دەپ بەردىم.

ــبولىدىغان گەپكەن، قوشنا،ــ دېدى قوشنام،ــ يەيدىغان كۆكتاتنىڭ بىرىكەن، ئۇنىڭ نېمە زىيىنى بار دەيسىز ؟ ھازىرلا بېرىپ ئۆيدىكىلەرگە ئېيتاي.

يۇرتىمىزدا توي بار ئىدى. ئۇنىڭغا بالدۇرراق بېرىپ-تىمەن، شۇڭا تۆردە ئولتۇرۇپ قالدىم. ھېلىقى قوشنام كېينىرەك كەلدى، بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى مېنىڭدە ئىدى. قاچانلا قارىماي، ئۇ ماڭا بىر نەرسە دەيدىغاندەك كۆرۈ-نەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغۇم كېلىپ تاقەتسىزلىنىپ كەتتىم. بىراق ئۇنىڭ قىزىنىڭ چې-چىغا قىلىنىدىغان چارىنى دەپ بەرگەنلىكىم يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ــكامالدىن، خۇش خەۋەر ــدېدى ئۇ دۇئادىن كې-يىن ھويلىغا چىققاندا،ــ سىز دەپ بەرگەن كۈنلا قىزىم-نىڭ بېشىغا پىياز سۈتىنى سۈركەشنى باشلىۋېدۇق، چاچ-نىڭ تۆكۈلۈشى توختاپ چۈشكەن چاچنىڭ ئورنىغا يېڭى-دىن چاچ چىقىشقا باشلىدى.

دەپ بەرگىنىم كارغا كەلگەنلا بولسا، ئەلۋەتتە بۇ چوڭ خۇشاللىق. پىياز قايناتمىسىدا باشنى يۇيسىمۇ چاچ چۈ-شۈشنى توختاتقىلى بولىدىغانلىقى ئەمەلدە سىنالغان ئىش-لارنىڭ بىرى.

(داۋامى بار)

ئاپتورنىڭ 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق كىتابىدىن تەييارلاندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

## كۈزىتىش

بالىسى: نيۇشياۋلياڭنىڭ ئۆيىدىكى ئىت بۇرۇنقى-دىنمۇ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ.

دادىسى: قارىغاندا ناھىيە شۇجىسى نيۇ شۇجى ئىككىنچى سەپكە چۈشۈپ قالغان گەپ...

بالىسى: مائېرچاڭنىڭ ئۆيىدىكى ئىتنىڭ ھالى بۇ-رۇنقىدىنمۇ بەك خارابكەن.

دادىسى: ئېھتىمال باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ما-جۇيجاڭ تۈرمىگە چۈشكەن گەپ.

بالىسى: جۇفاڭنىڭ ئۆيىدىكى ئىت ئىلگىرىكىدىنمۇ غالجىرلىشىپ كېتىپتۇ ؟

دادىسى: ئۇنداق بولسا جۇ مۇئاۋىن باشلىق قۇ-رۇلۇش كومىتېتىغا رەسمىيلىشىپتۇ ـ دە.

بالىسى: دادا، سەن ئارامغا چىققاندىن بۇيان سىرتقا چىقمىغانغۇ، بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىپ بىلىپ تۇرىسەن؟

دادىسى: ۋاي بالام، ئىت دېگەن ئىگىسىنىڭ سا-يىسى ـ دە...

ئىمزالىق «تاللانغان فېليەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى

ئەزىزە تۇيغۇن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە - زارى



چ. ئايتماتوف، م. چاقانوف



چاقانوف: ئىسىك دەرياسىنىڭ سول تەرەپ قىرغاقلىرىدىكى ئىسىك ئوباسىنى كامال ئاقىشۇ باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگلار قازغان چاغدا «ئالتۇن ئادەم» يەنى ساك جەڭچىسى جەسىتىنىڭ تېپىلىشى دۇنيا ئارخېئولوگىيىسىگە يېڭىلىق بولۇپ كىردى. بۇ ئوباغا بېشىنى قىبلىگە قارىتىپ، ئوڭدىسىغا ياتقان 17 ـ 18 ياشلىق ساك جەڭچىسى دەپنە قىلىنغان. بېشىغا 200 دىن ئارتۇق ئالتۇن بېزەك بىلەن زىننەتلەنگەن ئۇچلۇق (65 ـ 70 سانتىمېتىرلىق) تۇماق كىيگەن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئارقارنىڭ، تاغ تېكىسىنىڭ، يولۋاسىنىڭ، ئاتنىڭ، قۇشنىڭ قىياپىتى بىلەن كەشتىلەنگەن. باش كىيىمنىڭ چېكە تەرىپى تېكە مۈڭگۈزلۈك قوش ئاتنىڭ ھەيكىلى ۋە جۈپ يوپۇرماق بىلەن بېزەندۈرۈلگەن. بويىنغا ئاسقان ئالتۇن ھالقىنىڭ ئۇچىدا يولۋاسنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئۈستىگە كىيگەن قىزىل بۇلغار پەشمەتتە 3000 غا يېقىن ئالتۇن بېزەك بار، بېلىنى ئۈيۈل ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن قېيىش كەمەر بىلەن باغلاپ، ئوڭ تەرىپىگە ئۇزۇن تۆمۈر شەمشەر، سول تەرىپىگە ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن تۆمۈر خەنجەر ئاسقان. قەبرىدىن 30غا يېقىن قاچا تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۈمۈش چۆچەكنىڭ تېگىدە 26 ھەرپتىن تەركىب تاپقان ئىككى قۇر يېزىق بار.

بۇنىڭغا «ئىسىك يېزىقى» دېگەن نام بېرىلدى. ئالىملار بۇ يېزىقنى ئوقۇيالمىدى. بىراق، ئۇلار بۇ يېزىقنى 4 ـ 3 ـ ئەسىرلەردە قازاقىستان كۆچمەنلىرىنىڭ يېزىقى بولغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. ھازىرمۇ «ئالتۇن ئادەم» دۇنيانىڭ كۆپلىگەن تارىخىي ـ ئېتنوگرافىيىلىك كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، كۆرۈرمەنلەرنى ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن ھەيران ـ ھەس قالدۇرماقتا. ھەئە، بىزنىڭ تونۇتالمىغىنىمىزنى شۇ تونۇتۇپ، بىزنىڭ ئېيتالمىغىنىمىزنى شۇ ئېيتىپ، بىز بارالمىغان يەرگە شۇ بارسۇنچۇ... كونا مىراسلار ساقلانغان مۇزېيلار ھەر بىر خەلقنىڭ تارىخىي يادنامىسىگە ئوخشايدۇ. نۇرغۇن ئەسىرلىك ئۆمۈرنامىسىنى ئۆكسۈتمەي، كۆزىنىڭ قارىچۇقىدەك ساقلاۋاتقان مەدەنىيەتلىك ئەللەرنى ئارىلىغاندا ئىچىڭ پىژ ـ پىژ كۆيىدۇ.

قەدىمكى دەۋردىكى مىللەتلەر بىلەن ئۇلۇسلارنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تاجاۋۇزچىلىق، يېغىلىق قاپلىغان زامانىڭ چېپ ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەتنى، سەنئەتنى، ئىلىمنى راۋاجلاندۇرغان ئالتۇن ئەسىر ئۆتكەن ئوخشايدۇ. يەر شارىدا نى ـ نى كۆركەم شەھەرلەرنىڭ بوي تۈزەپ، سەلتەنەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتمىغاندىمۇ، ئالەمنىڭ يەتتە كارامىتى دەل شۇ زامانىڭ تۇغۇندىسى ئەمەسمۇ؟ يەنى دۇنيانى ئاپەتتىن قۇتقۇزىدىغان گۈزەللىككە بولغان ئىنتىزارلىق ئۈستۈن كەلدى. ئالەمنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ھۆكۈمرانلىرى بۇ ئەزەلدىن بېغىر بېسىپ قالغان تەۋەلىكى بار يەرنى قايتىدىن بۆلۈمگە سېلىشقا، نېسىۋىدىن مولراق يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا كۆرسەتكەن ھەيۋىسىدىن نۇرغۇن ئەلنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە قېلىپلاشقان تەرەققىيات ئادىتى بۇزۇلدى، يالاڭ چوقماق بىلەن چولاق نەيزىنىڭ ئورنىنى ئالغان ئوق ئاتقۇچى قوراللار قانلىق قىرغىن بىلەن ھەسرەتلىك يىللارنى سوغا قىلىپ كەلدى.

**ئايتماتوف:** تەرەققىيات، دەۋران سۈرۈش باسقۇچى مەزگىلىدە تۇتاش ماكانلاشقان قېرىنداش ئەللەرنىڭ (مەسىلەن، ھەرقايسى ئەسىرلەردە چېكى ئايرىلمىغان رۇس، ئۇكرائىن، بېلورۇس خەلقلىرىنى ئالايلۇق) كېيىنكى يېغەلىق زامانلىرىدىمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ قالمىغانلىقى ئېنىق. مەسىلەن: بىزنىڭ ئەسىرىمىزگىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى تۈركىي خەلقلىرى تارىخىي تىزمىسىدا ئويسۇن خاندانلىقى، قاڭلى خاندانلىقى، تۈرك خاندانلىقى، تۈركەش خاندانلىقى، قارلۇق خاندانلىقى، قىماق خاندانلىقى، دەشتى قىپچاق ئېلى، ئوغۇز خاندانلىقى بولۇپ ئاتالسىمۇ، خىلمۇخىل تائىپىلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئەل ـ يۇرت بولۇش رەسمىدىن ئايرىلمىغان.

**چاقانوف:** توغرا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «ئوغۇز خاندانلىقى»نى قۇرغان تۈركىي يىلتىزلىق 43 ئاتىنىڭ ئىچىدە ھازىرقى بىزنىڭ قېرىنداش قازاقلار بىلەن قىرغىزلار بار ئىدى. بارماق پۈكۈپ ساناپ ئېيتساق ـ قىرغىز، قازاق، ماڭغۇت، قۇرالما، قاراقالپاق، قىپچاق، تايچىق، قوڭىرات، قاتاغان، جادىگەر، قالچا، نوغاي، باشقىرت، چۇۋاش، ئەستەك، قىيات، مۇناپىس، قاڭلى، تۈركمەن، نويغۇت، ۋاق، قۇشچى، ئارلاي، تاپان، ئارغۇن، كەرەيت، جالايىر، ئاۋاتى، ئۇيغۇر، تۇۋبا، قارلىق، تەبەي، تەيت، قاقارا قىرچىن، خاكاس، ياقۇت (ساخا) قانلىق كېزەك، ئالاشى، بوستان، داۋلاس، سادى، بازىس، بۇلارنىڭ ئىچىدە تاتار بىلەن قاراقالپاق، ياقۇت (ساخا) بىلەن تۈركمەن، باشقىرت بىلەن ئۇيغۇر، چۇۋاش بىلەن خاكاس، تۇۋيالار ئۆز ئالدىغا باش كۆتۈردى، قالغان ئاتىلار ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق خەلقلىرىنىڭ ئاساسىنى سالدى.

**ئايتماتوف:** شەجەرىگە نەزەر سالساق، مەشھۇر قاراخاندىن ئوغۇزخان، ئاينىغان، ئوغۇزخاننىڭ ئوغلى تاغىنىخاندىن قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، قورالما بىلەن ماڭغۇت تۇغۇلغانغۇ!

**چاقانوف:** ئارقاقنى ئۆزمەي، تېخىمۇ تاراتساق ئالتۇن ئوردا تارقالغاندىن كېيىن مۇشۇ ئاتالغان خەلقلەر بىلەن ئۇلۇسلار خاندانلىقلارغا بۆلۈنۈپ، نوغاي ئۇلۇسىغا، ماڭغۇت ئۇلۇسىغا، تاتارخانلىقىغا، قازاق خانلىقىغا ۋە 92 سالالىق ئۆزبېك ئۇلۇسىغا ئايلانغان. مەسىلەن: ئۆزبېك خاننىڭ قول ئاستىغا ئويۇشۇپ، 92 سالالىق ئۆزبېك خەلقى ئاتىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ماكان تۇتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ ئەسىردىن ـ ئەسىرگە ئېلىپ ئۆتكەن شەجەرىلىك تارىخى، بۈگۈنكى مەدەنىيەتكە يەتكىچە ھېچ ئۆتكەن خىلمۇخىل ئۆزىگە خاس يوللىرى بار. ئوتتۇرا ئەسىردە شايبانىدىنلەر ئەۋلادلىرى ئوردا قۇرغان زېمىن پەقەت ئۆزبېك خەلقىنىڭلا ئەمەس، شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرالما، ماڭغىت، يۈز، لولى تائىپەلىرى بىلەن بۇخارا يەھۇدىيلىرىنىڭمۇ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات مەركىزىگە ئايلاندى. قايسى دەۋر يۈكسەكلىكىدىن نەزەر سالسىڭىزمۇ روسىيە پادىشاھلىقىغا قارايدىغان ئۆزگە مۇسۇلمان ئۆلكىلىرىگە ئىلىم بىلەن بىلىم، دىن ـ شەرىئەت ئىككى چوڭ ئايماقتىن تارىدى. ئۇنىڭ بىرى ـ تاتار، باشقۇرت قېرىنداشلارنىڭ ئاستانىسى قازان بىلەن ئۇفا ۋە قەدىمكى بۇخارا بىلەن سەمەرقەند شەھەرلىرى. بۇ زور مەركەزلەردىكى ئاسمان پەلەك گۈمبەزلىك مازارلار بىلەن مەسچىتلەر، مەدرىسلەر كەڭ قانات يايغان قول ھۈنەرۋەنلىك بىلەن سودا ـ سېتىقچىلىق خەلقنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتى بىلەن بىللە دۆلىتىنىمۇ ھەسسىلەپ ئارتتۇردى. قازاق خەلقى بىلەن قىرغىز خەلقى ئۇلاردىكى تارىخىي نېگىزنىڭ مۇستەھكەملىكىگە، مىللىي رەڭگىنىڭ قېنىقلىقىغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ، «ئۆزبېك ئۆز ئاغام» دەپ پەخىرلىنىپ سۆزلەيدىغانلىرى بىكار ئەمەس. باشقىسىنى ئېيتمىساقمۇ، پەقەت بىرلا مىسال: تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ بىر مۇنچىسى تولىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن بۇيان يېزىلىپ قالغان يىلنامىلار بىلەن شەجەرىلەرنىڭ قەدرىگە يەتمەي قۇرۇق قول قالغاندا، ئۆزبېك قېرىنداشلار ھېچقايسىسىنى چەتتە قالدۇرماي مەخسۇس قوليازما تەتقىقاتىنى تەشكىللەپ يۈكسەك مۆتىۋەرلىك كۆرسەتتى. كالا تېرىسى بىلەن قاپلانغان بىباھا ھۆججەتلەردىن باشلاپ، پۈتكۈل تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ قەغەز بېتىگە چۈشكەن شەجەرىسى، ئىلمىي نەتىجىلىرى مۇشۇ ھەيۋەتلىك ئىمارەتنىڭ تەۋەسىدە كۆزنىڭ يېغىنى يەپ، بوي تۈزەپ تۇرۇپتۇ. مانا، ئۆتمۈشكە ھۆرمەت، بۈگۈنگە تەلىم، كېلەچەككە ئامانەت مۇشۇنداق ئابىدىلەردىن باشلانسا كېرەك.

مۇشۇ سۆھبەت ئۈستىدە خىلمۇخىل سەۋەبلەر بىلەن نامىلىرى تولىمۇ ئاز ئاتىلىۋاتقان، ئاشۇ ھون دەۋرىدىن بۇيان ئېلىگە باشپاناھ، يېرىگە قورغان بولغان باھادىرلىرىمىزنىڭ ئۇنىڭدىن بۇيانقى دەۋردە ئۆتكەن، تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرگە ئورتاق باتۇرلار بىلەن شاپائەتلىك خان ـ بەگلەرنىڭ، دانىشمەنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىش مۇۋاپىقتۇر.

بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىز بىلەن تەتقىقاتچىلىرىمىز

كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان دېرەكلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەي، مەسىلەن، قازاق دېگەن خەلقنى 1456 ـ يىلى ئاي شارىدىن چۈشۈپ قالغاندەكلا كۆرىدۇ. ئۇ تەرەپتىكى يىلنامە، ئۇمۇرنامىلەرگە قەدەم باسقۇسى يوق. ئىرامىزدىن ئىلگىرى ـ كېيىنكى زامانلاردىكى خەلقلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قوشۇلۇش، چەك ئاجرىتىشتەك زور بۆلۈنۈشلەرگە پەرۋا قىلار ئەمەس. ئەڭ جان قىينايدىغىنى شۇكى، ئۆتكەن تارىخقا بۈگۈننىڭ كۆزى بىلەن باھا بېرىدۇ. بىز بۇنداق ھۆكۈم ۋە پىكىر بىلەن قىر ئاشالمايمىز.

**ئايتماتوف:** فرانسىيىنىڭ كونا ئېنسىكلوپېدىيىسىدە: «ھون ئوردىسىنىڭ تەركىبىگە نۇرغۇن كۆچمەن تائىپىلەر كىرگەن، ھونلارنىڭ گۈللەپ، ئالەمنىڭ يېرىمىنى بېقىندۇرغان دەۋرى ئاتىللا ياشىغان دەۋر» دەپ يېزىلغان. ئاتىللا دېگىنىمىز 5 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئېدىل باتۇر مۇندۇزۇك ئوغلى.

ھون ئوردىسى كاسپى دېڭىزى بويلىرىدا قۇرۇلغان. تەركىبىگە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىدە كۆچمەنلىك تۇرمۇش كۆچۈرگەن ئويسۇن، قاڭلى، داي، ئالان تائىپىلىرى كىرگەن.

فرانسىيە تارىخچىسى ئا.تېررى ئۆز ئەسىرىدە: «ئاتىللانىڭ نامى ئادەمزات تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئادەملەر ـ ئالىكساندىر ماكىدونسكىي بىلەن يۇلى سىزارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ» دەپ يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئېدىلنىڭ نامىنى پۈتۈن ياۋروپا ئېلى تىللاردا داستان قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ماكانىغا تا ھازىرغىچە نامەلۇم بولۇپ كەلمەكتە.

**چاقانوف:** توغرا دەيدۇ، مەسىلەن، قازاقىستاندا يازغۇچى تۇرسۇن يۇرتبايېف بىلەن ياش ئالىم سەمەت ئۆتەنىيازۇفنىڭ تەتقىقات ماقالىسىدىن باشقا ئەسەر كۆزۈمگە چېلىقمىدى. ئېدىل باتۇرنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن قەھرىمانلىقلىرىنى بىزگە يەتكۈزگەن رىملىق دىپلومات پرىسك پانىسكىي بىلەن گۇدت (قەدىمكى گېرمان قەبىلىلىرى) تارىخچىسى ئوردان. ئۇلارنىڭ ئىلىم ئۇچۇن بىباھا بولغان ھۆججەتلىرىنى ئا.ن بېرنېشتام، ل.ن گۇمىلىيېف، م.ستاسۇلىۋىچ قاتارلىق ئالىملار تەتقىق قىلغان. ھەتتا ك. ماركس بىلەن ف.ئېنگېلسنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئېدىل باتۇرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ. ك. ماركس ئۇنىڭغا ناپالېئوننى تەڭ قويىدۇ.

گرېتسىيە يازغۇچىسى پرىسك 448 ـ يىلى ھون ئوردىسىغا كېلىپ، ئېدىل بىلەن كۆرۈشىدۇ. باتۇرنىڭ تاشقى قىياپىتىنى: «ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭ دەل ئاسىيالىق ئىكەنلىكىنى شۇئان بىلىۋالىدۇ، بېشى يوغان، گەۋدىلىك، كۆزلىرى قىسىق، لېكىن تىكىلگەن جايىنى ئويۇپ چۈشكۈدەك ئۆتكۈر، مېڭىشى تولىمۇ تېز، ئاۋازى كۈمۈشتەك جىرىڭلاپ تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

**ئايتماتوف:** ھون ئوردىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، ئىنتايىن قىممەت باھالىق مەلۇمات قالدۇرغان فرانسىيە جاھانگىرلىرى ئېدىلنىڭ كامۇس دېگەن ئىچىملىك ئىچىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇسسۇزلۇقى قىمىز ئەمەسمۇ؟

**چاقانوف:** قىمىزغا قىزىپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇن يال دېگەن تۇلپارى بىلەن لەشكەر تارتقان ئېدىل باتۇر ئانا ماكانىدىن بەك يىراقتىكى رىم پادىشاھلىقىغا نېمىشقا ھۇجۇم قىلىدىكىن، دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. رىم پادىشاھلىقى بولسا 4 ـ ، 5 ـ ئەسىردە پۈتكۈل ياۋروپانى قول قىلىپ، ئۆزى خان بولۇۋاتقان قۇدرەتلىك پادىشاھ ئەمەسمىدى؟

ئېدىل ھاكىمىيەتكە ئېرىشىپ، بىپايان، قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ياۋروپاغا تەھدىت سېلىۋاتقان رىم پادىشاھلىقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئىنتىلىدۇ. بىراق، كۆچۈپ يۈرگەن تۈرك تائىپىلىرىنىڭ پەيدىنپەي باش قوشۇپ مۇستەھكەم دۆلەت بولۇشىنى بەك قوللاپ كەتمەيدۇ. غانجوغا ـ خۇرجۇنلۇق كەلگەن ئەلچىگە، يېزىلغان سالام خەتكە مەنسىتمىگەن چىراي كۆرسىتىدۇ. گرېتسىيە يازغۇچىسى پرىسك بۇنىڭدىن 15 ئەسىر بۇرۇن يازغان قوليازمىسىدا: «بىز ئۇنىڭ نۇرغۇن جەڭچىلىرى قوغداۋاتقان چېدىرىغا كىردۇق. ئاتىللا ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. بىز كىرگەن يەردە تۇرۇپ قالدۇق. ماكسىمىن يېقىنلاپ سالام قىلدى، پادىشاھ ئەۋەتكەن مۇكاپاتنى تاپشۇرۇپ: ‹پادىشاھ سىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە بۈيۈك سالامەتلىك تىلەيدۇ› دېدى. شۇ چاغدا ئاتىللا: ‹مەنمۇ پادىشاھقا شۇنداق تىلەكتە› دېدى ـ دە، بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرغان ۋېگىلىگە قادىلىپ، ۋارقىراپ ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نومۇسسىز ھايۋان ئىكەنلىكىنى ۋە يەنە ئىزا تارتماستىن ئوردىغا كەلگەنلىكىنى

ئېيتىپ ۋارقىرىدى. ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم بويىچە رىم پادىشاھلىقى هون قاچقۇنلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بولمىسا هون ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىش هوقۇقى يوق ئىدى. ‹مەن سېنىڭ شۇنچىۋالا ئىتلىقلىرىڭغا ئۆلۈمەتۈكۈگىنى يىرتقۇچ قۇشلارغا يەم قىلىۋەتكەن بولاتتىم، ھەتتەگەي، ئەلچىلىك ئەنئەنىنى بۇزغۇم كەلمەيدۇ. بىزدىن قاچقانلار رىمدە بەكمۇ كۆپ› دەپ كاتىپىغا قاچقۇنلارنىڭ تىزىمىنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى» دەپ يازىدۇ.

**ئايتماتوف:** بۇ بىر، ئىككىنچى سەۋەبى ئېدىل ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ قوينىغا ئالتۇن تىقىشتۇرغان رىملىقلار «هۆكۈمرانىڭنى ئۆلتۈر، كۆزدىن يوقات» دەپ ئېزىقتۇرمايتتىمۇ؟ بۇنداق ساتقۇنلۇقنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى شۇ چاغدىكى رىم پادىشاھى ئىككىنچى فىدوس بىلەن ئاغۋات خرىستافىي ئىدى. ئىككىسى بۈيۈك پادىشاھلىقنىڭ ئىناق بىللە تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئېدىل باتۇر ئالتۇن يالىسىغا ئېگەر توقۇپ كاتالاۋىن دالاسىغا يۈزلىندۇ.

دوناي، رېين، نەككارۇ دەريالىرىنى كېچىپ ئۆتكەن قەھرى ـ غەزەپلىك هون ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالمىغان ياۋروپادىكى رىم مۇستەملىكىلىرى ئېدىلنىڭ قول ئاستىغا كىرىدۇ. ھەتتا گېرمانىنىڭ فرانىك تائىپىسى ئېدىلگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن يولباشچىسىنى ئۆلتۈرسە، قالغان تىيورىنگ تائىپىسى بىلەن بۇرگۇند پادىشاھلىقى ئۆز ئىختىيارلىقلىرى بىلەن هونلار تەرەپكە ئۆتىدۇ. ئۆمۈرۋايەت باشلىرى بىر يەرگە كەلمىگەن تائىپىلەر بىلەن پادىشاھلىقلارنى بېقىندۇرۇپ، رىمگە قارشى ئاياغقا تۇرغۇزۇش ئېدىلدەك رەھىمەتلىك ۋە ئۇلۇغ قوماندانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان مۇستەھكەملىك.

**چاقانوف:** قارا قاغىدەك باسقان لەشكەر بىلەن مەن شەھەرنى (451 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن) ئالغان ئېدىل پارىژنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كاتالاۋىن يېزىقىدا رىملىق ئەسكەرلەر بىلەن يۈزمۇيۈز كېلىدۇ. بۇ زور ئېلىشىشنىڭ دۇنيا تارىخىغا «كاتالاۋىن قىرغىنچىلىقى» دېگەن نام بىلەن كىرگەنلىكى مەلۇم. ئىككى ياقتىن 165 مىڭ جەڭچى ئۆلگەن. بۇ قىرغىنچىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پىرىسك يەنە: «بىر ھەپتىگىچە كۈننى تۇمان قاپلاپ ئەتراپ ئالا كۆلەڭگە بولۇپ تۇردى. دەريا بىلەن ساي قان بولۇپ ئاقتى. ئاسماندا ئۇچقان قاغا ـ قوزغۇنلار شۇنچىلىك نۇرغۇنكى، ھەتتا قاراشنىڭ ئۆزىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى» دەپ يازدى. كاتالاۋىن ئېلىشىشىدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ئېدىل بىر ماڭغانچە تىرىر، شىمالىي ئىتالىيىدىكى ئاكۋالەي، مىلان شەھەرلىرىنى تارمار قىلىپ، رىمنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىنى ئاچقۇزۇپ، ئۆزى باش بولۇپ سەلتەنەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن.

**ئايتماتوف:** ھەئە، ئېدىل مۇشۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە بۇرگۇند پادىشاھىنىڭ سىڭلىسى گۈزەل ئىلدىيونا بىلەن ھەشەمەتلىك توي قىلماقچى ئىدى. بىراق، ئالەمنى بېقىندۇرۇپ، كۆك تۇغىنى لەپىلدەتكەن باتۇر توي كۈنى تۇيۇقسىز قازا بولىدۇ. ئويۇپ تۇرغان قىرىق قەبىلە تۈرك خەلقىنى تارپىيىن قىلىۋەتكەن شۇ ئۆلۈمنىڭ سىرى تا ھازىرغىچە تېپىشماق. ئۆتكەن زامان شەجەرىلىرى ئېدىلنىڭ كەركە، كرەيمخلدا، دەكان دېگەن ئۈچ ئايالىدىن ئېللاق، دەنگىزەك، ئېرناق، ئېمنازار، ئۆتە، ئېسقالما، ئۇزۇنتۇرا قاتارلىق يەتتە ئوغۇل قالغانلىقىنى يازىدۇ. ئېللاق قارا دېڭىزدىن ئېدىل يايلىقىغىچە بولغان بۈيۈك ئۆلكىگە هۆكۈمرانلىق قىلغان، كېيىن بۇ يەرلەرگە تۈرك خانىدانلىقى ئاندىن ئۇ پارچىلانغاندىن كېيىن هازار مەملىكىتى قۇرۇلىدۇ.

**چاقانوف:** «ئالتۇن يالىنىڭ تۈيىقى تەگكەن يەر قايتىدىن كۆكەرمەيدۇ» دېگەن ئېدىل باتۇرنىڭ سۆزىنى ياۋروپا خەلقلىرى تا ھازىرغىچە رىۋايەت قىلىپ سۆزلەمەكتە. ئۆزى بۇنىڭدىن 15 ئەسىر بۇرۇن ياشىغان بولسىمۇ، كىندىك قېنى تامغان ئۆلكىسىنىڭ ئۇلۇغ دەرياسى ئېدىل (ۋولگا) باتۇرنىڭ ئىسمىنى تاكى بۈگۈنگىچە ئۆچۈرمەي كەلمەكتە. قازاق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئېدىل باتۇر سىماسى ئالاھىدە ئورۇن ئالغان.

قەدىم زامان كۆپ ئېلىن،  
پۈتۈنلەي تىز پۈكتۈرگەن.  
غەربتىكى كۆپ يۇرتنى،  
بىر چۆنقتا ھەيدىگەن.  
زور تۈركىي كۆپ خەلقىن،  
دۇنياغا باش قىلاي دەپ.  
بۇ شۇم يالغان دۇنيادىن.  
ئېدىل باتۇر، بۇ ئۆتكەن... دېگەن بېيتنىڭ ئۆزىدە

تارىخچىلىرىمىز بىلەن ئەدەبىياتچىلىرىمىزنىڭ نەزىرىگە چۈشمىگەن ئۆتكەن دەۋرنىڭ تالاي ئەكسى بار ئەمەسمۇ؟

ئېبدىل رىمنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئالتۇن يالا دېگەن تۇلپارىنىڭ ئېگەر – توقۇمىسى، ئۇمۇلدۇرۇق – قۇشقۇنىنى سىيرىۋېلىپ: «ئەمدى يەر شارىدا تۈركىي خەلقىمگە قارشى تۇرالايدىغان كۈچ يوق، بەختىڭگە ئولتۇرماي، كېتىۋەر جانىۋارىم» دەپ قويۇۋېتىپتۇ. ئالتۇن يايلا بولسا ئەرشكە ئۇچۇپ كېتىدۇ. خەلق رىۋايىتىگە ئىشەنسەك، تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەر ئېلىدە ئېبدىلدەك باتۇر دۇنياغا كەلگەندە ئالتۇن يالا يەرگە قايتىدىن چۈشىدۇ دېيىشىدۇ.

**ئايتماتوف:** مەن سەل – پەل باشقىچە ئۆزگەن بولاتتىم. ئۇ بىزنىڭ تارىخىي ئۆزلۈك ئېڭىمىزنىڭ يېڭىۋاشتىن گۈللىنىشى بىلەن بىللە قايتىپ كېلىدۇ. ھازىرچە بىز ئەپسانىۋى ئالتۇن يالنى كۈتكەچ ئېبدىل بوۋىمىزنى ئانا تارىخىمىزغا كىرگۈزۈپ، ئەدەبىياتتا ھەقىقىي سىماسىنى يارىتىپ، ئۆز خەلقى بىلەن باشقىدىن تېپىشتۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ئېبدىلمۇ خۇددى قورقۇت ئاتىغا ئوخشاش ئايرىلماس – بۆلۈنمەس ئورتاق خەزىنىمىز.

**چاقانوف:** ھەئە، قورقۇت ئاتا ھەققىدىكى رىۋايەت تۈركىي يىلتىزلىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايان. ئېلىپ قوشىدىغان يېرى يوق. قورقۇتنىڭ ئۆزىمۇ، كۈيلىرى بىلەن ئەقلىيە سۆزلىرىمۇ بەرىمىزگە ئورتاق. بىر قېتىم ئەزەربەيجانلىق قەلەمكەشنىڭ قورقۇتنى دادام دەپ ئاتاپ:

قورقۇت تۇغۇلار چېغىدا،
قارا ئاسماننى سۇ ئالغان.
قارا يەرنى قۇم ئالغان،
تۇغۇلاردا ئەل قورقۇپ،
تۇغۇلغان سۇڭ قۇۋانخان، دەپ خەلق قوشىقىنى يادلىغانلىقىغا گۇۋاھ بولغانىدىم.

—قورقۇت ئاتا قازاق يېرىدە، قىزىل ئوردا ئوبلىسى، سىر دەريا بويىدا ياشىغان،—دېدىم سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

—پاھ، توغرا، ئىنىم، «ئوغۇزنامە» داستانى قانداق ئورتاق بولسا، دەدەم قورقۇتمۇ شۇنداق ئورتاق. ھەممىمىز تۇران ئويمانلىقىدىن تارقالغان نەسلىبىز! دەپ باكۇلۇق قەلەمكەش ئۆزىنىڭ تارىخقا بولغان ئادىل ۋە كەڭ قورساقلىقى بىلەن مېنى ھەيران قالدۇردى.

«ئوغۇز – قىپچاق زامانىسىدا ياشىغان قورقۇت ئاتىنىڭ دادىسى قاراقوجا، ئاپىسى قىپچاق قىزى ئىدى» دەپ يازىدۇ ئەبىلغازى باھادۇر «شەجەرىدە بۈنى يوققا چىقارمايدۇ. ئۇ تۇغۇلىدىغان چاغدا بوران چىقىپ چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇلۇپ، چاقماق چېقىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇ – زۇلمەت قاپلاپ كەتتى» دەيدۇ. بۇ دېرەكنى ئاكادېمىك ئالىم مەرھۇم ئەلكەي مەرغۇلانمۇ قۇۋەتلەيدۇ. «قورقۇتنىڭ ئانىسى تولغاق يېگەندە تەبىئەتمۇ تەڭ قىينالدى. قاراتۇغنى تۇمان باستى، كېيىنىسگە خەلق بۇ كۈننى ‹قارا ئاسمان› دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئەل تولىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، قورقۇپ كەتكەچكە يېڭى جاننىڭ ئىسمىنى قورقۇت دەپ قويغان» دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ. ۋ. م ژىبومونىسكىينىڭ تەتقىقاتى بويىچە قورقۇت ئاتا – كۆپچىلىك سەنئىتى بىلەن خەلق شېئىرىيىتىنىڭ بىرىگە ئايلانغان سىما، بەزىبىر دېرەكلەردە قورقۇت ئاتا ئۆز زامانىسىدا ئىنالخان، دويىلخان، كۆل – ئەركى، قوڭلى – خوجا قاتارلىق تۆت – بەش خاننىڭ باش ۋەزىرلىكىنى ئۆتەپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئارىلاشقان دانىشمەن سۈپىتىدە دەلىللىنىدۇ. يەنە بىر قىزىقارلىق ئۇچۇر: خەلق داستانلىرىدا قورقۇت ئاتا مۇزىكا ئەسۋابى—قوبۇزنى تۇنجى ياسىغۇچى دېيىلىدۇ. خۇددى بۇنىڭغا گۇۋاھ بولغاندەك، ھازىرمۇ بىزگە قورقۇت ئاتىنىڭ «ئارسلانباب»، «ئاق قۇ»، «ئۇلارنىڭ ئۇلۇغبىشى»، «گىلەم ياپقان»، «دەۋىيباي»، «قورقۇتنىڭ كۈيى»، «يەلمايە»، «ۋاي ئىلىم»، «تاغىل تانا»غا ئوخشاش قوبۇزغا بېغىشلانغان كۈيلىرى يېتىپ كەلدى.

**ئايتماتوف:** يەلمايىسگە مىنىپ، ئۆلۈمدىن قاچقان قورقۇت ئالغا قاراپ قەدەم باسقانسېرى ئۆزىنىڭ قېزىلىۋاتقان گۆرىنىڭ ئۈستىدىن چىقىپ قالىدۇ. «قەيەرگە بارساڭمۇ قورقۇتنىڭ گۆرى» دېگەن ماقالە شۇنىڭدىن قالغان دېيىشىدۇ ئۇزۇن قۇلاق قېرىساللار.

**چاقانوف:** مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ كونا تارىخىدىن تۆت كىتاب يېزىپ ئەھمىيەتلىك نەتىجە ياراتقان يازغۇچى، تارىخچى ئەزىمەت قويچىقاراسالخاق ئوغلىنىڭ مۇنداق بىر يېڭى ۋە قىزىقارلىق ئوي – پىكرىنى ئېيتىپ قويمىساق بولماس. ئۇ «كۆمبە» ناملىق خاتىرە

رومانىدا مۇشۇ قورقۇت ئاتا بىلەن ھېلىقى جۇڭگو يىلنامىسىدىكى تۇنيۇقۇق ئىككىسىنى بىر كىشى دەپ دەلىللەپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن بىر بابنى بېغىشلايدۇ. ئىلگىرى ھېچكىم دېمىگەن ھەم يېڭى ھەم قەتئىي پىكىر. كۆچمەن خەلقنىڭ ئىككى ئادەمنىڭ ھايات مۇساپىلىرىنى سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەنمۇ ئىككىسىنى بىر ئادەم دەپ ئېيتقۇدەك بىر ـ بىرىنى تەكرارلايدىغان ئوخشاشلىقلار يېتەرلىك تۇرۇپتۇ. ئىككىيلەن خىزمەت قىلغان خانلارنىڭمۇ، بالىلىرىنىڭ سانىمۇ، قىلغان ھەرىكەتلىرىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ خانلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ئەھۋالىمۇ—ھەممىسى ئوپمۇئوخشاش. ھەممە پەرق قورقۇتنى سىر دەرياسى بويىدا، تۇنيۇقۇقنى موڭغۇلىيىدە ئۆلگەن—دېسەك، ئۇنىڭمۇ سەۋەب ـ ۋەجىنى ئىلمىي نۇقتىدا ئىشەنچلىك قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. راستتىنلا قورقۇت مازارىنىڭ بىر نەچچە بولۇشى، شۇلارنىڭ ھەممىسىدە قورقۇت ياتىدۇ دېيىش كۆڭۈلدە گۇمان پەيدا قىلمامدۇ؟ ھەقىقىي قورقۇتنىڭ جەستى قايسى مازاردا؟ دېرىبېنتىكىسىدىمۇ، تۈركىيىدىكىسىدىمۇ ياكى سىر دەرياسىنىڭ بويىدىمۇ؟ ئۇنى ئېنىق، تەتقىق قىلىپ ھەقىقەتكە يەتكەن تېخى ھېچكىم يوق! قورقۇت ئاتىنىڭ 9 ـ ئەسىردە سىر دەرياسىنىڭ بويىغا سېلىنغان سەككىز قىرلىق، ئىچى تۈرلۈك ـ تۈمەن نەقىش بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن قەبرىگاھنى 19 ـ ئەسىردە قىيان سۇ ئېلىپ كەتكەن. جەستنى خەلق باشقا ئېدىرلىققا كۆچۈرگەن. 1980 ـ يىللىرى ئالمۇتالىق ھەيكەلتىراش بېك ئىبرايوفنىڭ لايىھىسى بويىچە قورقۇت بوۋىمىزنىڭ بېشىغا كونا مۇزىكا ئەسۋابىمىز—قىل قوبۇزنى ئىپادىلىگەن بۈيۈك يادنامە قويۇلدى. بۈنىڭغا تۈرتكە بولغان كىشى قىزىل ئوردا ئوبلىسى، قارماقچى ناھىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى بىرىنچى سېكرىتارى، خەلق مىراسلىرىنىڭ غەمگۇزارى، ئەل ھۆرمەتلەيدىغان ئەزىمەت مەرھۇم ئىبلەۋكۆچەربايېۋ ئىدى.

چىكە، دوستىڭىز ئەبدىجامىل نۇرپېيىسوفنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىقتا بولغان چېغىمىزدا داستىخاندا كىلىشكەن قىرسىمبەك كۆچەربايېۋ دېگەن بىر قارىمۇتۇق يىگىت ئولتۇرغان ئىدىغۇ! شۇ يىگىت ئىبلەۋ ئاقساقالنىڭ ئوغلى، ھازىر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار ئىشخانىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. بۇ يادنامىنىڭ قالتىس بىر ئالاھىدىلىكى، شامال چىقسا بولدى، قورقۇتنى ئىسكەنەدەك گۇڭگۇراپ، قوبۇز ئاۋازىنى دالا ـ قىرلار ئاستىدىن ياڭرىتىدۇ. بوۋىمىز قورقۇتنىڭ مۇڭدەپ كەتكەن ئەرۋاھىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرى مانا مۇشۇنداق ئويغاتتى.

يەنە بىر مەشھۇر ۋە تونۇشىمىز بېيبارىس سۇلتان ھەققىدىمۇ پاراڭلاشساقمىكىن دەيمەن. ئۇ ھەقتە قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسىدە مۇنداق مەلۇماتلار بار: «نەسلى ـ قازاق. ماڭغىشلاۋ ئەتراپىدا ماكان تۇتقان بېرىش قەبىلىنىڭ پەرزەنتى. دادىسىنىڭ ئىسمى ياماق. ئاپىسىنىڭ نام ـ شەرىپى ـ ئەيەك. موڭغۇل يۈرۈشى مەزگىلىدە ئەسىرگە چۈشكەن ئون ياشلىق بېيبارىس دەمەشقتە 800 دەرھەمگە قۇللۇققا سېتىلدى» ئى. فىلشتىنسكى ئۆز ئەسىرىدە: «موڭغۇللار كۆچمەن تۈركىي قىپچاقلىرىنى قارا دېڭىز بويىدا ئەسىرگە چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ئىتالىيىلىك سودىگەرلەرگە ساتتى. ئۇلار بۇ ئەسىرلەرنى مىسىر سۇلتانلىرىغا ماڭغۇزدى. ياش ئەسىرلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، مۇسۇلمانلارغا ئورتاق نام بەردى، ھەربىي ھۈنەر ئۆگىتىپ قەسىر قوشۇنى قاتارىغا ئالدى» دەپ يازىدۇ. مۇشۇ مىسىر سۇلتانلىرىغا مەجبۇرىي سېتىلىپ، مالاي بولغانلارنىڭ بىرى بېيبارىس ئىدى.

ئايتماتوف: بېيبارىسنىڭ كاتىپى مۇھەددىن ئەبۇ ئەززاھىر يازغان «بېيبارىس سۇلتاننىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسەردە «ئەقىللىق مەملىكەت ئەربابى، باتۇر قوماندان مەزگىلىدە يۈز يىللىق مالىمانچىلىق بىلەن ئۆزئارا ئېلىشىشتىن كېيىن، ۋاقىتلىق بولسىمۇ مىسىر بىلەن سىرىيادە تەرتىپ ئورنىتىلدى. دېھقانچىلىق بىلەن ئەركىن سودىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئالاھىدە ياخشىلىدى. ئۇ «ئەھلىسەلىپ يۈرۈشى»گە توسقاۋۇل قويۇپ، ئۇلارنى قايتا يۈرۈش قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى، خۇددى باغدادتىكىگە ئوخشاش بۈيۈك مەملىكەتنى ۋەيران قىلىدىغان موڭغۇل يۈرۈشىنى مىسىرغا يەتكۈزمەي زەربە بەردى» دەپ بېيبارىسنىڭ مىسىرنىڭ ھاكىمىيەت تەختىگە چىققان مەزگىلىنى تەسۋىرلەيدۇ. قۇل بولۇپ كەلگەن ئون ياشلىق بالا ئۆمرىدە كۆرۈپ، بىلمىگەن ئەرەب مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تىزگىنىنى قانداق قىلىپ قولىغا ئالدى؟ مانا بۇ بىر تېپىشماق.

چاقانوف: قازاق خەلقىنىڭ تالانتلىق پەرزەنتى، زەبەردەس شائىر ئولجاس سۇلەيمانوفنىڭ ئەينى چاغدا تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلغان «ئاسىيا» ناملىق كىتابىدا

بىر ئاجايىپ ۋەقە مۇشۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «مەن مەجبۇرىي سېتىلىپ مالاي بولغانلارنىڭ ئازابلىق هاياتىنىڭ ئاخىرقى بەلگىسىنى، كۇرسكلىق ئالتۇن بۇركۇتنىڭ قانىتىنىڭ ئاستىدا تۇگەشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم...

موسكۋا ئىچكىرىسىدىكى چاڭ ـ توزانلىق كونتسۇۋ بىلەن فىلى جايلاشقان، سىتۇن قاپتىلىنىڭ ئالمزار باغلىرىغا يېقىۋاشتىن قايتىمەن. سىتۇن يۇرتىدىن ئاستا مېڭىپ ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئاجايىپ بىر ۋەقەگە يولۇقتۇم. ئۆز ۋاقتىدا موسكۋاغا قارىلىپ ناپالئون مېڭىپ ئۆتكەن يولغا يېقىنلا يەردە ئويۇر قېزىۋاتقان ئىشچىلار يەر قويىنىدىن نامەلۇم ئۇچ تاۋۇت تېپىۋېلىپ، دۆۋىلەنگەن توپىنىڭ بىر چېتىگە ئېڭىشتۇرۇپ قويىدى. ۋاقىت مىجىقلاپ، پۇتۇنلەي قارىيىپ كەتكەن تاۋۇتلارنىڭ يۈز تاختىينى ئاچقاندا، سىتۇن يۇرتىنىڭ ئاھالىلىرى پارقىرىغان ھەربىي كىيىمى بىلەن كۆمۈلگەن جەسەتلەرنى كۆردى... جەسەتلەرنىڭ كۆزلىرى ئالغاي، جاغ سۆڭەكلىرى دۇمباق، ياڭپاقراق ئىكەنلىكى كۆرۈندۇ. ھەربىي كىيىملىرىگە قاراپ، بۇلارنى مامۇلۇك ساقچىلىرى دەپ بىلىشكە بولىدۇ. ناپالئون پوكلۇنايا تېغىغا ھۇجۇم قىلغاندا بۇلار پادىشاھقا قورغان بولغاندەك قىلىدۇ. جەسەتنىڭ پۇكۇلگەن قارا بارمىقىدىن قىپچاق تامغىسى ئىپادىلەنگەن ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ كۆكۈمتۇل كەلگەن ياڭپاق ئۈزۈكى بايقالدى. بەلكىم، بۇ بىزگە پاخشە بولغان ئۇل كىسىكى بىلەن تەسىرلىك رىۋايەتلىرىلا قەپقالغان قىپچاقلارنىڭ قەدىمىي ئاستانىسى ئۇقرارنىڭ ھەسرەتلىك زەرگەرلىرىنىڭ قولىدىن چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئۈزۈك چۆل بىلەن جەزىرىنى باشلاپ ۋېنگىر دالىسىغا، گىنويە قاماللىرىغا، مىسىر مۇنارىلىرىگە، ۋېنتسىيىنىڭ نەمخۇش تاشلىرىغا، ئاخىرىدا موسكۋا ئىچكىرىنىڭ قارا تۇپراقلىرىغىچە يۇرۇپ ئۆتكەن قانچىلىغان بەردەم كىشىلەرنىڭ بۇغداي ئۆڭ، قارىمۇتۇق بارماقلىرىغا سىڭىنىمىدى دەيسەن؟»

**ئايتماتوف:** كونا تۇزۇم مەزگىلىدە تاۋۇتتىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنى تونۇپ، ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلغان ئولجاسىنىڭ بۇ تۆھپىسى ھەمىشە ئالقىشقا لايىق. تونۇگۈن ئۆتكەن بابىرشاھ بىلەن ئۇلۇغبەكنىڭ ئۆزىلا نەقەدەر ئۇلۇغ!

ھىندىستاندىكى بۈيۈك موغۇللار پادىشاھلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغان شائىر، تارىخچى ھەم يېتۈك پەيلاسوپ بابۇرشاھ ئەسلىدە ئەنجان بىلەن ئۇشنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانىدى. 11 ياشتا يېتىم قالغان بابۇرنىڭ ھېسابسىز يۈرۈشلىرى، ئاۋغان بىلەن ھىندىستاننى سوراپ ئۇلۇغ شاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ئەتراپلىق تالانتىدىن دېرەك بېرىپ تۇرمامدۇ؟ ھەئە، دۇنيا تارىخچىلىرى بىلەن قەلەمكەشلىرى بابۇرشاھنىڭ باتۇرلۇقى ھەققىدە نۇرغۇن بىباھا ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان، ھازىرمۇ دۇنيادىكى كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان «بابۇرنامە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى تا ھازىرغىچە تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى.

**چاقانوف:** خىلمۇخىل رىۋايەتلەر ۋەقەسىگە ئايلانغان ئوشتىكى سۇلايمان تېغىدا بابۇرنىڭ ئۆيى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. تەۋەررۇك بىلىپ، تاۋاپ قىلىپ بارغانلارغا بۇ ئۆينىڭ چىراغچىسى قۇرئان ئوقۇپ، ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ نى ـ نى قىزىقارلىق ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. پاكىستان زۇڭلىسى مۇسۇلمان ئېلىدىن چىققان سىياسىي ئەرباب، بابۇرنىڭ ئەۋلادلىرى بىنەزىر بوتتۇ قىرغىزستانغا قىلغان سەپىرىدە ئاتا ـ بوۋىلار قەدەم ئىزى بار ماكانغا بېرىپ، تەزىم قىلىپ، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەتمىدىمۇ؟ ئەمىر تېمۇرنىڭ نامى دۇنيا تارىخىدا ئۇلۇغ قوماندانلىقى، يۈرۈشلىرى بىلەن قالسا، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغبەكنىڭ ئىسمى ئەللامە ئالىملىقى بىلەن پۈتكۈل دۇنياغا مەلۇم ئەمەسمۇ؟ «تېگى ئېسىل توختىماي ئۇزار» دېگەندەك، ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتقان ئالىم ئۆز زامانىسىدا ماۋارائۇننەھىردەك بۈيۈك ئۆلكىنى 38 يىل سورىغىنى بىلەن پۈتكۈل كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئىلىم يولىغا بېغىشلىدى. ئۆپچۆرىسىدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە ياۋ چاپتۇرۇپ، پات ـ پاتلا ئۇرۇش قوزغاۋاتقاندا، سەمەرقەندتىن رەسەتخانا ئېچىپ، ئەرشئەلانى تەتقىق قىلىپ، بۈيۈك ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ ئۆزى قايسى زامانىنىڭ كۆزى بىلەن قارىساقمۇ ئاجايىپ بىر ئۇلۇغلۇق ئىدى.

---

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان قازاقچە «قىيادىكى ئوۋچىنىڭ نالە ـ زارى» دېگەن كىتابتىن

ئۇيغۇرلاشتۇرغۇچى: ئوسمانجان ساۋۇت

مۇھەررىر: خۇرسەنئاي مەتىمىن



MIRAS

# تىتىك بالىق



بۇ بەك قەدىمكى — تۆمۈر ئالتۇندىن ئەتىۋار زاماندا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىكەن. تاھازىرغىچە ئارىدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئەۋلاد ئۆتكەنمىش.

ئالەمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۇ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز ئۇلۇغ بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن. دەريانىڭ چەپ قېتىدا سۇغا تېۋىنىدىغان خەلقلەر، ئوڭ قېتىدا ئوتقا تېۋىنىدىغان خەلقلەر ياشايدىكەن. چەپ قېتىدىكىلەر بېلىقچىلىق بىلەن، ئوڭ قېتىدىكىلەر تېرىقچىلىق بىلەن كۈننى ئالىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى «بېلىقچىلار» ياكى «تېرىقچىلار» دەپ ئاتىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇساتتىنلا جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قاپلاپ دەھشەتلىك قارا بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. خايال ئۆتمەيلا يا ئوقىدەك ۋىشىلداپ يامغۇر قۇيۇۋېتىپتۇ. كۆك قەھرىدىن بەئەينى يەرۇ زېمىننى چاك - چاك يېرىپ، تاغۇ تاشلارنى كۇمپەيكۇم قىلىۋەتكۈدەك ئەلپازدا قارسىلداپ چېقىنلار چېقىپتۇ. دەريانىڭ ئىككى قېتىدىكى خەلقلەر ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۆز ماكانلىرىغا مەھكەم بېكىنىپتۇ. ئۇلار ئەمدى كۈللى ئالەم تامام بولىدىغان بولدى دېيىشىپ ئۆز تەڭرىلىرىگە يىغلىشىپتۇ.

شۇ كەمدە «بېلىقچىلار»دىن بىر نەچچىسى دەريا ئىچكىرىسىدە بېلىق تۇتۇۋاتقانىكەن. ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ بالايىئاپەتتىن ھەرقانچە تىرىشىپ - تىرمىشىپمۇ قېچىپ

2004.6

قۇتۇلالماپتۇ. تاغ بەلدەملىرىدەك بەھەيۋەت دولقۇنلار ئۇلارنى ئۇت - خەستەكلا ئېقىتىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار جان - جەھلى بىلەن تىركىشىپتۇ. بارچە ئامالالار بىلەن قىرغاققا يېقىنلىششقا ئۇرۇنۇپتۇ. ۋەھالەنكى، دەريا دولقۇنلىرى ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يۇتۇپ كېتىشكە باشلاپتۇ.

ئاخىردا، ئۇلاردىن بىرىلا مىڭ مۇشەققەتتە دەريا قىرغىقىغا چىقىۋالالاپتۇ. بىراق، بۇ جاي «تىرىنقچىلار» ياشايدىغان ئوڭ قىرغاق ئىكەن. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ھايات قاپتۇ. ئەمدى ئۇ پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي تېپىشى كېرەك ئىكەن. بولمىسا بۇنداق دەھشەتلىك بوران - چاپقۇندا، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولمىغان تەقدىردىمۇ، توڭلاپ قېتىپ قالىدىكەن. ئۇ قاراڭغۇدا تېنەپ - تەمتىرەپ قىرغاق بويلاپ مېڭىپتۇ. تەلىيىگە ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا بىر قەبرىستانلىققا چىقىپ قاپتۇ. قەبرىستانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور قورام تاشلار بىلەن مۇستەھكەم ياسالغان يۇملاق بىر ئىمارەت بار ئىكەن. ئۇ تاش ئەگمە ئىشىكتىن ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەجەبلىنەرلىكى، ئىمارەت ئىچىدە بىرەر ئىنس - جىنمۇ يوق ئىكەنۇ، كۈن چىقار تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ يېرىم غۇلاچ ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان تاش سۇپا ئۈستىدىكى تاش ئوچاقتا پىلىلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ سۇپا ئۈستىگە چىقىپتۇ. سۇپىغا ھايۋان تېرىلىرى سېلىقلىق ئىكەن. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ھېرىپ - چارچاپ ئۆلەر ھالەتكە يېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ ۋە شۇ ھامانلا ئوچاق يېنىغا گۈپپىدە يىقىلىپ ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەر بوران توختاپتۇ. بوزرەڭ بۇلۇتلار تاراپ، ئاسمان كۆك ياقۇتتەك سۈزۈلۈپ، جۇلالىنىپ كېتىپتۇ. دەريانىڭ ئىككى قېتىدىكى ئادەملەر ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ تاغۇ ئورمانلار ئۆز ئورنىدا بارمۇ - يوق دېگەندەك تۆت ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىشىپتۇ.

دەريانىڭ ئوڭ قېتىدىكى «تىرىنقچىلار»دىن بىر ئۇرۇق دەرياغا يېقىن جايدا ياشايدىكەن. چوڭۇ گۆدەك، ئەرۇ ئايال ھەممىسى ئۆگەننىڭ ئىشىك ئالدىغا يىغىلىپ، قوللىرىنى ئاسمانغا سوزۇشۇپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئۇرۇق ئاقساقىلىنى «ئۆگەن» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئۇلار بوران - چاپقۇننىڭ توختىتىشىنى تەڭرىنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىلىك ئەتكىنى، ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ زور شاپائىتى، دەپ بىلىپتۇ. ئۇلار تەڭرىگە ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەك بولۇشۇپتۇ. ھەر خىل ھايۋاننىڭ ئەركىكىدىن توققۇز باش ئېلىپ ئۆگەننىڭ باشچىلىقىدا ئىبادەتخانىغا قاراپ مېڭىشىپتۇ. ئەسلىدە «بېلىقچىلار»دىن پالاكەتكە ئۇچرىغان ھېلىقى ئادەم كېچىدە پاناھلانغان ئىمارەت ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسى — مۇقەددەس جايى ئىكەن.

ئۆگەن ئىبادەتخانا بوسۇغىسىدىن پۇتىنى ئېلىپلا تاش ئوچاقتىكى ئىلاھىي ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالغىنىنى، تاش سۇپىدا يېرىم يالىڭاچ ناتونۇش بىرىنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي ئەھكامىدا ئىلاھىي ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇش تەڭرىگە قىلىنغان ئەڭ زور ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدىكەن. تاش سۇپا ئۈستىگە ئۆگەندىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىقىشى قاتتىق چەكلىنىدىكەن. بۇنداق قىلمىشنى يات ئۇرۇق تۈگۈل، ئۆز كىشىلىرى سادىر قىلسىمۇ ھەرگىز كەچۈرمەيدىكەن.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ھېلىقى شورلۇق چەمبەرچاس باغلىنىپتۇ. شۇ كەملەردە «بېلىقچىلار»دا ھەر بىر ئۇرۇق ئۆز ئالدىغا خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاش مەيدىلىرىگە ئەن سېلىۋالىدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئۇلار شۇنى دەلىل قىلىپ ئۇنى «بېلىقچىلار» بىز «تىرىنقچىلار»نىڭ مۇقەددەس ئېتىقادىنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادىمى دەپ ھېسابلاپتۇ. ئاقىۋەتتە، تەڭرىگە ئاتاپ قان قىلىنىدىغان توققۇز ھايۋاننىڭ قاتارىدا ئۇنىڭمۇ بېشى كېسىلىپتۇ. ئىبادەتخانا ئالدىغا قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئىبرەت خادىسى ئورنىتىلىپ ئۇچىغا ئۇنىڭ بېشى سانجىپ قويۇلۇپتۇ. باشسىز تېنىنى سالغا مەھكەم تېڭىپ دەرياغا ئېقىتىۋېتىپتۇ.

دەريانىڭ چەپ قېتىدىمۇ «بېلىقچىلار»دىن بىر ئۇرۇق دەرياغا يېقىن جايدا ياشايدىكەن. بېشى كېسىلگەن ھېلىقى شور پېشانە ئاشۇ ئۇرۇق ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى ئىكەن. بوران - چاپقۇن توختىشى بىلەنلا ئۇلار كېمىلىرىگە چۈشۈپ يوقاپ كەتكەن كىشىلىرىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئىزدە - ئىزدە ئاخىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىن سالغا مەھكەم باغلانغان باشسىز جەسەتنى تېپىپتۇ.

ئۇرۇقتىكىلەر قىرىق كېچە - كۈندۈز ھازا ئېچىپتۇ. مەرھۇملارنىڭ ھايات چېغىدىكى ئېزگۈلۈكلىرىنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق قوشاقلارغا قېتىپ يىغا - زار قىلىشىپتۇ.

دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن ئۇرۇقتىكى ھەممە دەريا بويىغا توپلىنىپتۇ. شۇ تاپ ئەرلەرنىڭ يۈزى تۆمۈردەك قېتىپ، يۈرىكى غەزەپ ۋە خورلۇقتىن ئۆرتىنىدىكەن. چۈنكى، قاتىللار ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايا-

نىكەن. ئۇلار دەريا بويىدا ناھايىتى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، جىمى ئالەمنى كۆكلەتكۈچى سۇ تەڭرىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلەردىن قىساس ئېلىپ، ئار ـ نومۇسىنى ئاقلىشىغا مەدەتكار بولۇشىنى تىلەپتۇ.

جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق باسقان بىر كېچىسى «بېلىقچىلار»دىن قورقماس، جەڭگە ماھىر بىر توپ ئادەم كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ ئوڭ قاتقا ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. ئىنس ـ جىنغا تۇيدۇرماستىن «تېرىقچىلار»نىڭ ھېلىقى ئۇرۇقىنى قورشاۋغا ئاپتۇ ـ دە، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپتۇ. قىر ـ چاپ تاڭ ئاتارغىچە داۋاملىشىپتۇ. «بېلىقچىلار»نىڭ قىلىچلىرى قان يۇقىدىن غىلاپلىرىغا سىغماي قاپتۇ. ئۇرۇقتىكىلەردىن بەرەر تىرىك جانمۇ بۇ بالا ـ قازادىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ.

«بېلىقچىلار» تاش ئىبادەتخانا ئالدىدىكى خادىغا سانجىپ قويۇلغان باشنى ئېلىپ كېمىلىرىگە ئولتۇرۇپ چەپ قاتقا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بۇ دەھشەتلىك قىرغىندىن قوشنا ئۇرۇقلار قاتتىق دەرغەزەپلىنىپ «بېلىقچىلار»دىن قىساس ئېلىشقا قەسەمياد قىلىشىپتۇ. خۇددى شۇنداق بىر كېچىسى ئوخشاشلا ئۇسۇل بىلەن «بېلىقچىلار»نىڭ ھېلىقى ئۇرۇقىنى قورشاۋغا ئاپتۇ. قىرغىن تېخىمۇ ۋەھشىيانە تۈس ئاپتۇ. «تېرىقچىلار» بۇ ئۇرۇقتىكى جىمى جاننى تۈگەل قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيۋارانلىرىغا ئوت قويۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ قەدىم ئەۋۋەلدىن تېپتىنچ ئىككى قىرغاقتا ئۇرۇش ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئۇرۇقى چېچىلىپتۇ. ئۆزئارا قىرغىنچىلىق توختىماي داۋاملىشىپتۇ. ئۆچمەنلىك تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپتۇ.

ئاقىۋەت، ئوڭ قاتتىكى بارلىق «تېرىقچىلار» بىر توپ بولۇپ ئۇيۇشۇپتۇ. چەپ قاتتىكى، «بېلىقچىلار»مۇ بىر يەرگە توپلىنىپتۇ، ئالەم ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ.

ئۇلۇغ دەريانى پاسىل قىلىپ ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشى باشلىنىپتۇ.

ئۇرۇش شۇنچە دەھشەتلىك ئىكەنكى، دەريادا سۇ ئەمەس، قىپقىزىل قان بىلەن جەسەت ئاقىدىغان بولۇپتۇ.

ئۇرۇش قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىپتۇ. نىھايەت، پەلەك «تېرىقچىلار»نىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىگە مەغلۇبىيەت تامغىسىنى بېسىپتۇ. دەريانىڭ ئوڭ قېتىدا «بېلىقچىلار» قارا چۇمۇلىدەك يامراشقا باشلاپتۇ. «تېرىقچىلار» قېرىنداشلىرىنىڭ دۆۋە ـ دۆۋە جەسەتلىرىنى قالقان قىلىپ جان ـ جەھلى بىلەن تىركىشىپتۇ. خوتۇنلارمۇ ئەمچەكتىكى بالىسىنى دۈمبىسىگە تېڭىۋېلىپ جەڭگە چۈشۈپتۇ. قىساس، ئۆچمەنلىك ئوتى پەلەككە يېتىپتۇ. بىر ئەسەبىي روھ ئىنسانىي ئىدراكنى بەنت قىلىپ، ئادەملەرنى غالجىرلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.

غالىب «بېلىقچىلار» قىر ـ چاپ بىلەن «تېرىقچىلار»نى كۈن پاتارغا سۈرۈشكە باشلاپتۇ. مەغلۇپلار دۆۋە ـ دۆۋە جەسەتلەرنى قالدۇرۇپ چېكىنىپتۇ. ئۇلۇغ دەريانىڭ ئوڭ قېتىدىن ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە سوزۇلۇپ بىر قانلىق يول ئېچىلىپتۇ.

شۇ تەرىقىدە ئاي نەچچە تولۇپ، نەچچە تۇتۇلۇپتۇ. ئاقىۋەت، «تېرىقچىلار»دىن ئونلا ئادەم قاپتۇ. توققۇزى ئايال، بىرى ئەمدىلا ئۆملىگەن ئوغۇل بوۋاق ئىكەن. ئاي ـ يۇلتۇزلار ئۆچكەن بىر قاراڭغۇ كېچىسى ئۇلار تىلسىماتتەك ھەيۋەت بىر تاغ جىراسىغا قاپسىلىپ قاپتۇ. جىرانىڭ ئۈچىلى تەرىپى كۆككە بوي تارتقان تىغدەك ئۆتكۈر قىيالىق ئىكەن. ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا كۈمۈشتەك ئاپئاق بۈيۈك چوققا پارقىراپ تۇرىدىكەن. بۇنداق تۇساقتىن ئىنسان بالىسى تۈگۈل، ئۇچار قاناتمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىكەن.

قەبىھ دۈشمەن ھېسابسىز مەشئەللەرنى كۆتۈرۈشۈپ، جىلغىغا لىق تولۇپ قورشاپ كېلىشكە باشلاپتۇ.

ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى ئون «تېرىقچى»نىڭ مۇشۇ ھەيۋەتلىك تاغ جىراسىدا تامام ھالاك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. توققۇز ئايال تەڭلا ئانىنىڭ قۇچىقىدا جاھاننىڭ ئاچچىقلىرىدىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇيقۇغا چۆمگەن ئوغۇل بوۋاققا قارىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇ «تېرىقچىلار»غا باش بولغان ئۇلۇغ ئۆگەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇشتى ـ ئىزباسارى ئىكەن. شۇ كەملەردە جەڭدە دۈشمەن ئاقساقىلنى ئەسىر ئالسا تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى يەيدىغان ئادەت بار ئىكەن. شۇندىلا دۈشمەننىڭ تەن ۋە روھىدىن ئەبەدىي غالىب بولدۇق، دەپ ھېسابلىشىدىكەن.

توققۇز ئايال تەڭلا ئوغۇل بوۋاققا قارىشىپتۇ.

بۇ ھەقتە «تېرىقچىلار»نىڭ ئۇلۇغ ئۆگەنىمۇ ئۆلۈش ئالدىدا كېيىنكىلەرگە مۇقەددەس ۋەسىيەتلەرنى قالدۇرغانىكەن.

ئانا بوۋىقىنى كۆكسىگە مەھكەم بېسىپتۇ، كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش تۆكمەپتۇ.

ۋەھالەنكى، دۈشمەن يوپۇرۇلۇپ، تېخىمۇ قىستاپ

كېلىشكە باشلاپتۇ.

ئانا بىردىنلا چايان چاققاندەك ئەندىكىپ كەينىگە ئوخچۇپتۇ. قوينىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ھەمراھلىرىغا شىلتىپ، سەۋدايىلارچە خىرىس قىلىپتۇ.

— ياق!... ئۆزۈم.

بوغۇق سادا قىيالاردىن ئېشىپ، پەلەك قەھرىدىكى ئاپئاق كۈمۈش چوققىغىچە يېتىپتۇ.

ئانا بوۋىقىنى قۇچاقلاپ نېرىدىكى قورام تاشنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھايال ئۆتمەي، ئۆتكۈر خەنجەرنىڭ ئادەم تېنىگە ئۇرۇلغان سالماق ئاۋازى كەپتۇ.

ئەي! ئانىنىڭ باللىرى، ئەلۋەتتە، يۈرىكىڭىز تۈيغاندۇركى، قالغان سەككىز ئايال قورام تاشنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ نى ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ؟

دەر ھەقىقەت، ئانا شۇنداق ئۇلۇغ ئىنسانكى، خەنجەر بالىغا ئەمەس، ئۆز كۆكسىگە تا سېپىگىچە سانجىلىپتۇ.

سەككىز ئايال ھەم پۈتۈن ئالەم بىر لەھزە سۈكۈتكە چۆمۈپتۇ.

شۇ دەم قىيالار يۈكسەكلىكىدىكى ئاقۋاش كۈمۈش چوققا نۇرلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر نۇر ئاجرىلىپ چىقىپ ئۇلار تامان ئۇچۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇ نۇردىن ئاجايىپ يېقىملىق قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، ھېلىقى نۇر ئوغۇل بوۋاقنىڭ يېنىغىلا كېلىپ توختاپتۇ. ئاياللار ئەس - ھوشنى يىغىپ سەپسالسا، كۈمۈشتىن ياسالغان ئىنتايىن نەپىس بىر بۆشۈك ئىكەن. بېشىغا ئېسىلغان ئالتۇن قوڭغۇراق توختىماي جىرىڭشىپ تۇرىدىكەن. ئوغۇل بوۋاق بۆشۈككە ئۇمتۇلۇپتۇ. كۈمۈش بۆشۈك ھاۋادا لەيلەپ، ئاستا سىلجىپ قورام تاشنىڭ يېنىدىكى بۆرە ئىنىدەك بىر ئېغىزدىن كىرىپ كېتىپتۇ. بوۋاقمۇ گۇڭراپ، ئۆملەپ كۈمۈش بۆشۈككە ئەگىشىپتۇ. ئاياللارمۇ ھەم بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ.

ئەسلىدە بۇ ئۇزاق كەتكەن بىر تاغ ئۆڭكۈرى ئىكەن.

سەككىز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاق ئۆڭكۈر ئىچىدە كۈمۈش بۆشۈككە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. كۈمۈش بۆشۈك ئۇلارنىڭ يولىنى سۈتتەك ئاپئاق يورۇتىدىكەن.

## كىتەك بالىق

بۇ جايدا قىشۇ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان غايەت زور ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ شاخلىرى بىر - بىرىگە ئىرماش - چىرماش گىرەلىشىپ تا بۆز بۇلۇتلارغىچە بوي تارتىپ تۇرىدىكەن. دەرەخلەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، بىر كۈمۈش بۆشۈك ئېسىقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېچە - كۈندۈز ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭشىغان ئۈنى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن.

ھەر يىلنىڭ ئاياز پەسلىدە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىكەن. يىراقتىكى ئاقۋاش چوققىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان دەريانىڭ باش ۋە ئاياغ ئېقىنىدىكى بارلىق كىشىلەر ئاشۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدىكەن. مۇراسىمنىڭ بېشىدا كۈمۈش ساقاللىق ئۆگەن ھوقۇق ۋە قۇت - بىلىكنىڭ نىشانى بولغان گۈلدار ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەجدادلارنىڭ ئۆتمۈشى پۈتۈلگەن قەدىم بىر قوشاقنى ئوقۇيدىكەن. قوشاقتا:

زامانە ئەۋۋەلدە ئۇلۇغ دەريانىڭ ئوڭ ۋە چەپ قېتىدا ياشىغان «تېرىقچىلار» ۋە «بېلىقچىلار» دەيدىغان خەلقلەر، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇزاققا سوزۇلغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلار، توققۇز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاقنىڭ تەڭرىتاغدىكى قاراڭغۇ جىلغىغا قاپسىلىپ قالغانلىقى، بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ تۆكۈلگەن قېنى تەڭرىنى تەسىرلەندۈرگەنلىكى، سەككىز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاقنىڭ خاسىيەتلىك كۈمۈش بۆشۈككە ئەگىشىپ جەننەتسىمان بىر ماكانغا — تەڭرىنىڭ ئېرەمبېغىغا يېتىپ كەلگەنلىكى، شۇ يەردە كۈمۈش بۆشۈك قونغان مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ ئەتراپىدا ياشاپ ئاۋۇغانلىقى ھېكايە قىلىنىدىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن داغدۇغىلىق نەزىر - چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ھېسابسىز ماللار سويۇلۇپ، تەڭرىنىڭ شاپائىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرىدىكەن. كۆي - قوشاقچىلار ئەجدادلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى مەدھىيىلەپ قىسسەلەرنى ئېيتىدىكەن. ئاقىنلار ئەپچىل سازلىرىنى چېرتىپ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئوقۇيدىكەن. پالۋانلار بەس - بەستە مەيدانغا چۈشۈپ كۈچ سىنىشىدىكەن...

مۇراسىم شۇ تەرىقىدە توققۇز كۈن داۋام قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپىرىدىن ئادىشىپ، ئاچ - زېرىنلىقتا ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بىر بەختسىز ئادەم كىتەك بالىققا كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەڭرى ۋە ئەجدادلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈۋاتقان چېغى ئىكەن. ھېلىقى ئادەم دەشت - باياۋان ئىچىدىن ئەرۋاھتەك چىقىپ كەپتۇ. ئۇستىۋېشى قۇياش تەپتى ھەم ئىسسىق چۆل بورىنىدىن چىرىپ تىتىلغان، ئەزايىنى قان - يىرىڭلىق جاراھەتلەر قاپلىغان، تەلەتىنى بىر قۇچاق چېچى يېپىپ تۇرىدىكەن. يىرتقۇچ قۇش پەنجىسىدەك

قاپقارا تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بارماقلىرىنى جۈنۈپ خىرىس قىلىپ، پۇتلىرى بىلەن توپا چېچىپ ھېچكىمنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىكەن. كۆزلىرى ئىنسانىي ئىدراكنى يوقاتقان سەۋدايىلارغا خاس ئەسەبىي ياندىكەن.

كىشىلەر ئىككى پۇتلۇق بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرالماپتۇ. يەر يۈزىدىكى ئادەملەر ئارىسىغا ۋابا تارقىتىدىغان ئاسىي جىنپەرىلەر قوۋمىدىن بولمىسۇن دەپ ھېيىقىپتۇ.

شۇ ئارىدا ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق ئىككى تۈپ مۇقەددەس دەرەخنىڭ ئالدىدىكى سۈپىغا تىزىلغان نەزىر ـ چىراغلىق تائاملارنىڭ ھىدىنى ئاپتۇ ـ دە، ئالىتاغىل توۋلىغىنىچە توپنى يېرىپ شۇياققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. تائاملار ئۈستىدە دۈم يېتىۋېلىپ ئىككى قولى بىلەن ئاغزىغا كەپلەپ تىقىشقا باشلاپتۇ.

شۇندىلا كىشىلەر ئۇنىڭ چۆل ـ باياۋاندا يولدىن ئادىشىپ ئاچلىق ئازابىدىن ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتقان بىر سودىگەر ياكى شور پېشانە سەيياھ ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلىپتۇ. كىشىلەردىن بىر نەچچىسى ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى مىڭ تەسلىكتە سۈپىدىن نېرى قىلىپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئاچلىققا ئوخشاش توقلۇقنىڭمۇ ئىنسانى ئەجەلگە سۆرەيدىغىنىنى بىلىدىكەن. ئۈزۈمدىن ياسالغان ھەر خىل شەربەتلەرنى ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. مۆجىزىكار ئەمچىلەر شۇ ھامان تەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان، سەۋدانى ھەيدەپ ئەقىل ـ ھوشنى يىغىدىغان دورىلارنى يىگۈزۈپتۇ.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇ ئەس ـ يادىنى چىرمىۋالغان ئاچلىق ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئادىمىيلىككە قايتىپتۇ. ئۆزىنىڭ يىراق بىر مەملىكەتنىڭ ئەڭ باي سودىگىرى ئىكەنلىكىنى، نەچچە يۈز ئۇلاغلىق سودا كارۋىنىنىڭ چۆلدە يولدىن ئازغىنىنى، ھەمراھلىرىنىڭ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن بىر ـ بىرلەپ ئۆلگىنىنى، پايانسىز دەشت ـ باياۋاندا تەنھا ئۆزى ياۋا ئوتلارنىڭ يىلتىزىنى يەپ ئەجەل بىلەن قانداق ئېلىشقىنىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

كىتەك بالىقلىقلارمۇ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئاشۇنداق يۇمشاق ئىكەن. ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى باياشاتچىلىق ئىچىدە جاپا تارتماي ئۆتكەن كىتەك بالىق كىشىلىرى ئادەمنىڭ بېشىغا شۇنداقمۇ ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ چۈشىدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئەلۋەتتە، بۇ سودىگەر شۇ يۇرتتا تۇرۇپ قاپتۇ. ئۆگەن ئۆزىنىڭ ئەڭ ياسىداق سارىيىنى ئۇنىڭغا جابدۇپ بېرىپتۇ. خىزمىتىگە خاس ئەمچى، ئاشپەز، خىزمەتكارلارنى تەيىنلەپتۇ. ئۇلار سودىگەردىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايدىكەن. شۇنىڭغا يارىشا، ئۇ ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ.

سودىگەرنىڭ مۇنداق بىر غەلىتە ئادىتى بار ئىكەن. ھەر كۈنى سەھەر، ئاخشام ھېلىقى ئىككى تۈپ مۇقەددەس دەرەخنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرىدىكەن. ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ شاخلار ئارىسىدىكى ۋىل ـ ۋىل ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇرغان كۈمۈش بۆشۈككە، توختىماي جىرىڭشىپ تۇرغان ئالتۇن قوڭغۇراققا نەچچە ئاش پىشىمغىچە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قېتىپ قاراپ تۇرىدىكەن. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن «بېلىقچى» ۋە «تېرىقچى» دېگەن خەلقلەر، توققۇز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاق، ئالتۇن قوڭغۇراق ئېسىلغان خاسىيەتلىك كۈمۈش بۆشۈك، مۇقەددەس دەرەخ ھەققىدىكى ھېكايەتلەرنى ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ سورايدىكەن.

ۋەھالەنكى، كىتەك بالىق كىشىلىرى بۇنىڭدىن زەررىچە غەلىتىلىك ھېس قىلمايدىكەن. سودىگەرنىڭ كىتەك بالىقلىقلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۆتمۈشىگە، ئەڭگۈشتەرى بولغان خاسىيەتلىك كۈمۈش بۆشۈككە بولغان ئىخلاسىدىن پەخىرلىنىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ سودىگەر سەللىمازا ئەسلىگە كېلىپتۇ. ئۆز ئېلىگە قايتماق بولۇپتۇ. كىتەك بالىقلىقلار ئۇنى تۆگىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك، سوۋغا ـ سالام تەييارلاپتۇ. شۇ قىسقىغىنا كۈنلەردە ئۇلار بۇ مۇلايىم سودىگەر بىلەن ئەپچىكىشىپ كەتكەنىكەن. خوشلاشماق ئېغىر توختاپتۇ. سودىگەر مېڭىش ئالدىدا كىتەك بالىقلىقلارغا قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىپ كۆز يېشى قىلىپتۇ. تەڭرى ئىرادە قىلسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يۇرتقا كېلىپ قۇتقۇزغۇچى خەيرخاھلارغا ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەملەر ئىچىپتۇ.

پەلەك چاقى چۆرگىلەپ شۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ھېلىقى سودىگەر يەنە پەيدا بولۇپتۇ. ئاۋۋالقىدەك ئاۋارە ھالەتتە ئەمەس. ئېغىر يۈكلەر ئارتىلغان يۈزلىگەن ئات ـ تۆگىلەر بىلەن بىر ـ بىرىدىن سالاپەتلىك ئونچە ھەمراھنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ. كىتەك بالىقلىقلار سودىگەرنى تونۇپ، ئۇزاق يىل ئايرىلىپ كەتكەن

قېرىندىشى بىلەن دىدار كۆرۈشكەندەك خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. ئۆگەن ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىدىغان رەسمىي قائىدە ـ يوسۇن بويىچە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ ئالدىدىكى سەينادا ئۇلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

مېھمانلار ئۆگەننىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. دەريانىڭ باش ـ ئايىغىدىكى ئۇرۇق ـ ئۇلۇسلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا خەۋەرلەر بېرىلىپتۇ.

تاڭلا كۈنى، سودىگەر ۋە ھەمراھلىرىنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلۇپتۇ. زىياپەتنىڭ داغدۇغىسى كىتەك بالىقلارنىڭ نەزىر ـ چىراغ مۇراسىمىدىنمۇ قېلىشماپتۇ.

زىياپەت راسا ئەۋجىگە چىققاندا، سودىگەر ئۆگەندىن ئىجازەت سوراپتۇ. زىياپەت سورۇنىدىن بىر كىچىك سەينا ھازىرلىنىپتۇ. سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاشۇ كىچىك سەيناغا كىتەك بالىقلارغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى توشۇشقا باشلاپتۇ. توپ ـ توپ تاۋار ـ دۇردۇنلار، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار قادالغان ئېسىل يىپەك تونلار، كۈمۈش پەتنۇسلارغا تىزىلغان ئالتۇن يامبۇلار، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جاۋاھىرات تاشلار، شىپالىق، خۇشبۇي دورا دەرمەكلەر... ھاي ـ ھاي! كىتەك بالىقلار ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا ئالەمنىڭ مۆجىزاتلىرى كۆز ئالدىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ.

ئاخىرىدا، سودىگەر ھەمراھلىرى بىلەن ئاغزى مەھكەم ئېتىلگەن يوغان بىر قارا كۆپنى ئۆگەننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ــ ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈل كىتەك بالىقلارغا ئىنئام قىلغان ئەرزىمەس سوۋغىتىنى قوبۇل قىلىشقايلا، ــ دەپتۇ تەزىم قىلىپ.

ئېرىقچە ياخشىلىققا ئالەمچە جاۋاب ياندۇرۇلسا نېمە دېسۇن. كىتەك بالىق كىشىلىرى ھەيرەتتىن گاچا بولۇپ قاپتۇ. ئاق چاچلىق ئۆگەنمۇ دەمال تەشەككۇرگە لايىق سۆز تاپالماپتۇ.

ــ ئۇلۇغ شاھىڭلارنىڭ سېخىيلىقىغا ئاپىرىن، ــ دېيەلەپتۇ بىر ھازادىن كېيىن.

سودىگەر يەڭلىرىنى تۈرۈپ ھېلىقى قارا كۆپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. شۇئان كىشىلەرنىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈر بىر ھىد ئۇرۇلۇپتۇ.

ــ ئۇلۇغ شاھىمىز يەتتە ئىقلىمدىكى پىر ـ ئەۋلىيالارنى يىغىپ يەتتە يىل ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ ئاخىر جاھاننىڭ غەم ـ غۇسسىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەبەدىي قېرىماسلىقنىڭ سىر ـ ھېكمىتىگە يەتتى. شىپالىق دورا ياساپ قارا كۆپلەرگە قاچىلىدى. ئۇنى «شاراب» دەپ ئاتىدى. كىمەرسكى، ئۇشبۇ شارابتىن ھەر دائىم ئىستېمال قىلىپ تۇرسا، مۇراد ـ مەقسىتى ھاسىل بولۇپ، ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەي!

سودىگەر شۇنداق دەپ لىق بىر ئاپقۇر شارابنى ئالدى بىلەن ئۆگەنگە تۇتۇپتۇ.

كىتەك بالىق كىشىلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئۆزۈمدىن رەنجىگە شىپا، تەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان شېرىن ئىچىملىكلەرنى ياساپ ئىچىدىكەن. ھېچ ئىقلىمدا بۇنىڭدىن چارە ئېسىل نەرسە يوقتۇر دەپ ئويلىغانىكەن.

ۋەھالەنكى، «شاراب» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خاسىيەتلىك ئىچىملىك ئۇلارنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپتۇ. خېلى كۈنلەرگىچە ئاشۇ بىر ئاپقۇر (زىياپەت ئەھلىگە پەقەت بىر ئاپقۇردىنلا تەقسىم بولغانىكەن) شارابنىڭ جەننەت ھۇزۇرى بەخت ئەتكۈچى شېرىن كەيپىنى سۈرۈپتۇ.

سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۆز مەملىكىتىگە قايتماق بولۇپتۇ. كىشىلەر ئۆز ئىلكىدە بارلىكى ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇملاردىن قىرىق تۆگىلىك سوۋغات تەييارلاپتۇ. ئۇزىتىش مۇراسىمىدا ئۆگەن سوۋغاتلار ئارتىلغان باش تۆگىنىڭ قىزىل ئارغامچىسىنى ئالتۇن پەتنۇسقا قويۇپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سودىگەرگە سۇنۇپتۇ.

سودىگەر يەر ئۆپكۈدەك تەزىم قىلىپ تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. ئارغامچىنى قوبۇل قىلىپ ئالماپتۇ.

ــ ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ پەرمانى شۇنداق. مەگەر يىپ چاغلىق سوۋغات قوبۇل قىلساق بېشىمىز بىلەن جاۋاب قىلىمىز، ــ دەپتۇ سودىگەر كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ.

ھۆرمەتكە ئىززەت، ئىزگۈگە جاۋاب ياندۇرماق ئاتا ـ بوۋىلاردىن قالغان ئادەت ئەمەسمۇ؟

ــ ئالەمدە چىن دوستلۇقتىن چارە سوۋغات بولمادۇ، ــ دەپتۇ سودىگەر قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، ــ ئۇلۇغ شاھىمىز دوستلۇقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاشۇ بىباھا سوۋغاتنى سىلەر بىزگە تەقدىم ئەتتىڭلار. شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. شاھىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستىكى شۇكى، بۇنىڭدىن كېيىن مەغرىب ـ مەشرىقتىكى بۇ ئىككى ئەل ئەۋلادمۇئەۋلاد قان ـ قېرىنداش بولۇپ ئۆتۈشسە.

بارلىق كىشىلەر بىر ئېغىزدىن ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ.

شۇ چاغ سودىگەردە ئاجايىپ بىر تەڭقىسلىق ھالەت

روي بېرىپتۇ. ساقىلىنى سىلاپتۇ، گېلىنى قىرىپتۇ. ئاخىر يۈزىنى تۇساپ:

— ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ تىلىغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئىلتىماسى بار ئىدى. ئېيتىشتىن ئۇيىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

كىتەك بالىقلار شۇنچە مۆرۈۋۋەتكە قانداق تەشەككۇر ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، تېنىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىپ بېرىشكىمۇ تەييار ئىكەن.

— ئۇلۇغ شاھىمىز جاھان مۆجىزاتلىرىغا ئىـخلاس باغلىغان كىشى بولغاچ، — دەپتۇ سودىگەر، — پىر ـ ئەنبىـ يالىق يولىنى تۇتۇپ، ئۆمرىنى شاھلىقتىن ئۆتە كۈللى ئاـ لەمنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرىنى يېشىشكە سەرپ ئەتكەنىدى. قاچانكى، شاھىمىز ئالتۇن تەختىنى تەرك ئېتىپ، ئېتىكاپـ خانىغا سولىنىۋالدى، ئاغزىغا گىياھ سالماس بولدى. بۇـ نىڭغا مەن شورلۇق سەۋەبچى بولدۇم. ئەقلىي كۆتەلىك قىلىپ شاھ ئالدىدا خاسىيەتلىك كۇمۇش بۆشۈكنىڭ ھېكاـ يىسىنى سۆزلەپ سالغان ئىكەنمەن. ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ھالى كۈندىن ـ كۈنگە پەسلەپ كەتتى. ئالۋۇن كەبى بىر سەۋدايى ئىشتىياق كېچەيۇ كۈندۈز ئۇنى ئۇيقۇدىن بىدار قىلىپ، يۈرىكىنى كۆيدۈرەر ئىدى. ئاخىر ئۇ پېقــىرگــە ئېيتتىكى: بارغىن، ئاشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر چىن دوستـ لۇقىمىزنىڭ ئەبەدىي داۋام ئەتكۈسى قان ـ قېرىنداشلىقىـ مىزنىڭ نىشانى سۈپىتىدە خاسىيەتلىك كۇمۇش بۆشۈكنى بىزلەرگە تەقدىم ئەتمەسمۇ؟

ئۆگەن باشلىق كىشىلەرنىڭ بېشىغا خىجالەتنىڭ تېغى يىقىلىپتۇ. كۆزلىرى ئالدىدا بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ كۆكسىدىن تۆكۈلگەن قان، سەككىز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاق زاھىر بوپتۇ. قۇلاقلىرى تۇۋۇدە ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ خاسىيەتلىك كۇمۇش بۆشۈك ھەققىدە ئېيتقان مۇقەددەس ۋەسىيەتلىرى جاراڭلاپتۇ.

ئۇلارنىڭ بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ. سېھىر ـ بەنت ھۇـ رۇپ قاتۇرۇۋېتىلگەندەك ھېچقايسىسىدىن بىرەر ئېغــىز سادامۇ چىقماپتۇ. سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ نېـ مىلەرنىدۇر دەپ قايتا ـ قايتا تەزىم قىلغىنىنى، چۆل تامان ئۇزاپ بارا ـ بارا كۆزدىن غايىب بولغىنىنى سەزمەي قاپتۇ.

كىتەك بالىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدىكەنۇ، كۆڭلىنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىدىن يــەنــىلا ئۆزلىرىنى ئەيىبلەيدىكەن. گويىكى، ئادەمگەرچىلـىـكـە مۇخالىپ گۇناھ ئۆتكەندەك دائىما غەش يۈرىدىكەن.

شۇ تەرىقىدە نەق ئۈچ يىل ئۆتكەندە كىتەك بالىقـ لىقلار سودىگەر ئەمدى بۇ يۇرتقا ئاياغ باسماس دەپ ھەسرەت قىلىپ يۈرگەندە، سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھـ لىرى يەنە پەيدا بوپتۇ. كىتەك بالىقلار شاد ـ خۇراملىقتا چۆمۈپتۇ. تۇز كۆڭۈللەردىكى غەشلىك ھوردەك كۆتۈرۈـ لۈپ كېتىپتۇ. مېھمانلار تەكلىماكاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغا ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىپتۇ.

زىياپەتتە قۇلاق ئىشتمىگەن، كۆز كۆرمىگەن سوۋـ غاتلار ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە ئېگىز دۆۋىلىنىپتۇ. ئۆـ گەننىڭ ئالدىغا قىرىق قارا كۈپ تىزىلىپتۇ. ســودىــگــەر دەپتۇكى:

— بىز ئىككى ئەل ئەبەدىي قېرىنداشىمىز، شۇ ۋەـ جىدىن خەزىنىمىزنى ھەم جىمىكى خەزىنىدىنمۇ چارە تۇـ رىدىغان ئۇشبۇ ئەڭگۈشتەرىمىزنىمۇ سىلەردىن ئايىمىدۇق. ئالەمنىڭ بۇ يېگانە لەززىتىدىن بۇ يەردىكى ھەممە ئاـ ۋام ـ پۇقرا بەھرە ئالغاي! پانىيدىكى ئازاب، كېسەللىك، قېرىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك رىيازەتنىڭ ئىسكەنجىـ سىدىن قۇتۇلۇپ ئەنبىيالىق مۇقامىغا يەتكەي!

كىتەك بالىقتىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، ئەر ـ ئايال ھەمـ مىسى «شاراب» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خاسىيەتلىك ئىـ چىملىكتىن ئېغىز تېگىپتۇ.

سودىگەر كېتەر چېغىدا كىتەك بالىق كىشىلىرىنى يەنە بىر قېتىم خىجالەتنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپتۇ. كىتەك بالىق كىشىلىرى بۇ قېتىم بىساتىدىكى ھەممە نەرسىنى دېگۈدەك سوۋغات قىلىپ سەكسەن تۆگىگە ئارتقانىكەن. سودىگەر باش تۆگىنىڭ يىپەك ئارغامچىسى سىلىنغان ئالتۇن پەدـ نۇسقا نەزەر كۆزىنىمۇ سالماپتۇ. كىتەك بالىق كىشىلىرىدە بەرمىگەن نەرسىنى ھەرگىزمۇ قايتىلاپ سورىمايدىــغــان ئادەت بار ئىكەن. سودىگەر ئەمدى بىزنى تەڭلىكتە قويـ ماس دەپ ئويلىغانىكەن.

ئۆگەننىڭ بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاپئاق ساقاللىرى ئالتۇن پەتنۇسقا يېيىلىپتۇ.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن سودىگەر ئېتىغا مىنىپتۇ. لام ـ جىم دېمەي ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا راۋان بوـ لۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كىتەك بالىق كىشىلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل ھالەت روي بېرىشكە باشلاپتۇ.

ئۆگەن ھەر كۈنى ھېلىقى ئىككى تۈپ مـۇقـەددەس دەرەخنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرىدىكەن. شاخلار ئارىسىدا ۋىل ـ ۋىل نۇر چېچىپ تۇرغان كۇمۇش بۆشۈككە، تىخـ

2004.6

تىماي جىرىڭشىپ تۇرىدىغان ئالتۇن قوڭغۇراققا قاراپ قېتىپ قالىدىكەن. ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا چوڭقۇر خىياللارغا چۆمىدىكەن. دەريانىڭ باش ۋە ئاياغ ئېقىنىدىكى ئۇرۇق ـ ئۇلۇسلارنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ بىردىن ـ ئىككىدىن ئۆگەننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدىكەن. نەچچە ئاش پىشمىغىچە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئۆرە تۇرۇشىدىكەن. ئاندىن ئۈن ـ تىنسىز تارقىلىپ كېتىشىدىكەن.

ئۇلارنىڭ شۇ ھالىتى بەئەينى تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن ئازغۇن ئەرۋاھلارغا ئوخشىشىدىكەن.

ھەر يىلى ئايازدا نەزىر ـ چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەنۇ، داغدۇغىسى ئىلگىرىكىدەك كاتتا بولمايدىكەن. ئۆگەن ئەجدادلارنىڭ ئۆتمۈشى سۆزلەنگەن قەدىم قوشاقنى ئوقۇغاندا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئازغىشىدىكەن. ھاپىزلار قەھرىمانلىق قىسسىلىرىنى ئېيتقاندا ئاۋازى بۇرۇنقىدەك جاراڭلىق ئاڭلانمايدىكەن. ئاقىنلار سازلىرىنى چېرتىپ مۇڭلۇق ناخشىلارنى توقۇيالمايدىكەن.

شۇ تەرىقىدە ئارىدىن يەنە ئۈچ يىل ئۆتكەندە سودىگەر يەنە پەيدا بوپتۇ!

بۇ قېتىم ئىلگىرىكىدەك قىممەتلىك سوۋغاتلار ئارتىلغان يۈزلىگەن ئات ـ تۆگە ۋە ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەمەس، تەنها ئۆزى ئاتقا مىنىپ يۇرتقا كىرىپ كەپتۇ. قولىدا ئاغزى ھەم ئېتىلگەن كىچىككىنە قارا كوزىنى كۆتۈرۈۋالغانىكەن.

ـــئەي، قېرىنداشلىرىم،ـــدەپتۇ سودىگەر،ـــبۇ كوزىغا شاراب ياساشنىڭ سىر ـ ھېكمىتى قاچىلانغان. مانا بىز ئىلكىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىمىزنى سىلەرگە بەخشەندە قىلماقچى بولدۇق. ھالبۇكى، سىلەر ئىنسانغا ھېچبىر مەنپەئەت بېرەلمەيدىغان بىر ئەرزىمەس بويۇمنى بىزدىن ئاياۋاتىسىلەر. مەن بۇگۈن كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى بۇ جايدىن ئايرىلىشىم كېرەك. شۇنىڭغىچە شۇ ئەرزىمەس تىلىكىمىزنى ماقۇل كۆرۈپ، قارا كوزىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىڭلار ياكى قارا كوزا يەرگە ئۇرۇلۇپ چۇل ـ چۇل بولسۇن ـ دە، ئارىمىزدىكى قان ـ قېرىنداشلىقمۇ ئەبەدىي تامام بولسۇن.

بۇ سايە يېتىپ، كۈن راسا قىيام بولغان چاغ ئىكەنمىش. تا كۈن پېتىشقا بىر تېرەك بويى قالغانغا قەدەر كىتەك بالىق كىشىلىرىدىن بىر ئېغىز زۇۋان چىقماپتۇ. ئۇلار ـ ئاپئاق ساقاللىق ئۆگەن، ئۇرۇق ـ ئۇلۇسلارنىڭ ئائىلە ئاقساقاللىرىنى ئەتراپقا توپلانغان تامام ئاۋام ـــ خەلق غايىبتىن ئىلاھىي ۋەھىي ئىشىتكەندەك ئىزدا ئۇيۇپ قاپتۇ. سودىگەرمۇ قارا كوزىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆگەننىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇۋېرىپتۇ.

ئاخىر، ئۆگەن سودىگەرنىڭ قولىدىكى قارا كوزىنى قوبۇل قىلىپ ئاپتۇ ھەم يۇرتنىڭ ئەڭگۈشتەرى ـــ ئالتۇن قوڭغۇراقلىق كۈمۈش بۆشۈكنى سودىگەرگە بەرمەكچى بوپتۇ. ئارىلىرىدىن ئەڭ چەبدەس بىرى ئۈمۈچۈكتەك مۇقەددەس دەرەخكە يامىشىپتۇ. كۈمۈش بۆشۈككە قول يېتىپ قالغاندا، قولنى ئۇزىتىپ مانا تۇتاي دېگەندە بىر كارامەت كۆرۈلۈپتۇ. كۈمۈش بۆشۈك سەلكىن شامالدىكى پەيدەك ئۆرلەپ ئۈستۈنكى شاخقا قونۇپتۇ. ھېلىقى تاپ بېسىپ يامىشىپ، شۇنداق قولنى ئۇزارتسا، كۈمۈش بۆشۈك ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى شاخقا قونۇپتۇ. سىلەر باللىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يارىدار سىياققا كىرىۋېلىپ، ئۇۋچىنى ئازدۇرىدىغان قۇشنى كۆرگەنمۇ؟ كىشىلەر قارىغۇدەك بولسا، ئاشۇ قۇش بىلەن ئۇۋچىدەك بىرى قاچسا، بىرى قوغلاپ چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك، ئاخىر، كۈمۈش بۆشۈكمۇ، دەرەخكە ياماشقۇچىمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ.

بىر كەمدىن كېيىن ھېلىقى شاخلار ئارىسىدا پەيدا بوپتۇ. بەئەينى ئەسكى پاختىلىق چاپاندەك شاختىن ـ شاخقا ئېسىلىپ پەسكە چۈشۈۋاتقۇدەك. ئۇچىسىدىكى ئەگىنلىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ، پۈتۈن ئەزايى قانتالاش بولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ تۆۋەنلەپ ئەڭ ئاخىر شاخقا يەتكەندە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ ـ دە، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتۇ.

شۇ ھامان ئالتۇن قوڭغۇراقلىق كۈمۈش بۆشۈك ئەسلىدىكى جايىدا پەيدا بوپتۇ. بۇرۇنقىدىنمۇ بەك نۇرلىنىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر نېمە قىلارىنى بىلمەي دەۋرەشكە باشلاپتۇ. دەرەخ تۈگۈل، يىرتقۇچ قۇشلار ماكان ئەتكەن خەتەرلىك قىيالارنى پىسەنتىگە ئالمايدىغان ئادەم چالا ئۆلۈك ياتقاندا، باشقىلار نېمە چارە قىلالىسۇن؟

ھەممە يەر تېگىدىن ئۆگەنگە قارىشىپتۇ. ئۆگەنمۇ قولىدىكى قارا كوزىنى سىلىغان پېتى سودىگەرگە قاراپتۇ. سودىگەر ئالاقزادىلىككە چۆمۈپتۇ.

بۇ چاغ قۇياش ئالتۇن تاۋاقتەك قىزىرىپ، تاغ كەينىگە ئولتۇرۇشقا باشلىغانىكەن.

سودىگەر يەڭلىرىنى سىلكىپ ۋارقىراپتۇ.

ـــكېسىڭلار دەرەخنى!

سودىگەرنىڭ ئاۋازى كىشىلەرنى بىر شۈركەندۈرۈپ، يىراقتىكى تاغلارغىچە تاراپتۇ. بىر هازادىن كېيىن گويا تاغلاردىن ئەكس سادا يانغاندەك ئۆگەن ئايئاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ ۋارقىراپتۇ:

—كېسىڭلار، دەرەخنى!

—كېسىڭلار، دەرەخنى!

ئۇرۇق - ئۇلۇسلارنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ ئۆگەنگە ئەگىشىپلا شۇنداق دەپتۇ.

ئاۋام پۇقرا شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا هايت - هۇيت دېگۈچە هەر يوغان ئايپالتىلارنى هازىر قىلىشىپتۇ. قاۋۇل قوللاردا ئايپالتىلار ۋاللداپ مۇقەددەس دەرەخلەرنى چاپماققا تەمشىلىپ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپتۇ.

—توختاڭلار!

شۇ چاغ بىر ئوغۇل بالا توپنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۆگەننىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

—كۇمۇش بوشۇكنى مەن ئېلىپ چۈشەي،—دەپتۇ ئۇ ئۆگەنگە ئارسلان بالىسىدەك دادىل تىكىلىپ.

هەممە هاڭۋېقىپ قېلىشىپتۇ. ئەسلي بۇ ئوغۇل بالا ئۆگەننىڭ توققۇز ياشلىق كەنجى ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئۆگەن ئاتىسىنىڭ ئىجازىتىنى ئالمايلا دەرەخكە يامىشىپتۇ. چوڭلار ئېسىنى يىغقۇچە ئارىلىقتا كۇمۇش بوشۇكنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ. كۇمۇش بوشۇك ئالتۇن قوڭغۇرىقىنى زىل جىرىڭلاتقىنىچە ئەركىلىگەندەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.

كىشىلەر خۇشال بولۇشۇپ بارىكاللا توۋلىشىپتۇ.

—تۇت ئۇنى!—دەپ ۋارقىراپتۇ ئۆگەن.

بالا تۆۋەندىكىلەرگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يۈزىنى ئۆرۈپلا يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلاپتۇ. كۇمۇش بوشۇكمۇ ئالتۇن قوڭغۇرىقىنى جىرىڭشىتىپ بالىغا ئەگىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. هايت - هۇيت دېگۈچە بالىمۇ، كۇمۇش بوشۇكمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ.

سوقۇۋاتقان يۈرەكنى كىشىگە بەرگىلى بولامدۇ؟

تومۇردا ئېقىۋاتقان قاننى ئالتۇن - كۇمۇشكە تېگىشكىلى بولامدۇ؟

مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدىن شۇنداق سادا كەپتۇ.

كىتەك بالىق كىشىلىرىمۇ، سودىگەرمۇ ئاغزىنى هاڭدەك ئاچقان پېتى ئورنىدا قېتىپ قېلىشىپتۇ.

ئالتۇن قۇياشنىڭ گەردىشى ئۇپۇقتىكى چوققىنى سۆيۈپ، زېمىندىن نۇرنى ئاستا - ئاستا يىغىشقا باشلاپتۇ.

سودىگەر ئەس - هوشىنى يىغىپ، بىردىنلا يەرنى تېپىپ سەۋدايىلارچە ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— نەس باسقان جىنىنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن بۇ! بالىنى ئازدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سىلەر ئەقلىڭلارنى جوروپ، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن يىقىتىڭلار بۇ دەرەخلەرنى!

ئۆگەن ئىڭرىغان پېتى ئىزىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قولىدىكى قارا كوزىنى هەم مەيدىسىگە چىڭ بېسىپتۇ!

يوغان ئايپالتىلار ۋاللداپ مۇقەددەس دەرەخلەرگە زەربە بىلەن چېپىلىشقا باشلاپتۇ.

ئاخىر، مىڭ يىللاردىن بېرى شاخلىرى ئىرماش - چىرماش گىرەلىشىپ بىر تەن، بىر ۋۇجۇدقا ئايلانغان بىر جۈپ مۇقەددەس دەرەخ يەرۇ ئاسماننى لەرزىگە سېلىپ تاغ كۆچكەندەك گۈلدۈرلەپ يىقىلىپتۇ.

كىشىلەر ئاچ كۆز ئۇۋۇچىلاردەك تۇشمۇتۇشتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشىپ بەهەيۋەت شاخلار ئارىسىدىن ئولجىسىنى ئىزدىشىپتۇ. ئىزدەپتۇ، ئىزدەپتۇ. كۇمۇش بوشۇك تۇگۇل، بالىنىمۇ تاپالماپتۇ.

شۇ چاغ كۈن پېتىپتۇ. قۇلاقلىرىغا ئالتۇن قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭشىغان ئاۋازى ئىشتىلىپتۇ. كىشىلەر باشلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆرۈپتۇكى، كۆك قەھرىدە بىر يورۇق نۇر كۇمۇش چوققا تامان ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك.

يورۇق نۇر ئۇچۇپ بېرىپ كۇمۇش چوققىغا قونۇپتۇ - دە، ئۆچۈپتۇ. كىشىلەر ئاتا - بوۋىلىرىغا— سەككىز ئايال ۋە بىر ئوغۇل بوۋاققا نىجاتلىق ئاتا قىلغان كۇمۇش چوققىغا قارىغان پېتى ئىزىدا قېتىپ قاپتۇ، قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

شۇ كېچە كىتەك بالىقنىڭ ئاسمىنىدا ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەپتۇ. جاهاننى گىل رەڭ تۇمان قاپلاپ، ئاسماندىن شۇرۇلداپ قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. ئەتىسى قۇياش قايتا كۆتۈرۈلگەندە كىتەك بالىق دېگەن بۇ گۈزەل يۇرت كۆز يەتكۇسىز قۇملۇققا ئايلىنىپتۇ.

ئېيتىلىشچە، هېلىقى قارا كۈپ هازىرمۇ تەكلىماكانغا كۆمۈكلۈك ئىمىش. كىمەرىسكى، شۇنى تېپىپ تاشقا ئۇرۇپ چېقىۋەتسە كىتەك بالىقمۇ، تاش ئادەملەرمۇ ئەسلىگە يانارمىش.

توپلىغۇچى: ۋەلى داۋۇت

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد





هازىر بىز ئۆچۈن ئادەتتىكى ساۋات بولغان نۇرغۇن بە-
لىملەر، جۈملىدىن يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئاي-
لىنىشى، قاننىڭ تومۇردا ئېقىشى توغرىسىدىكى بىلىملەر
ئەينى چاغلاردا سەپسەتە دەپ قارىلىپ ئەيىبلەنگەنىدى.
هازىر بىز كۆنۈپ كەتكەن نۇرغۇن شەيئىلەر، جۈملىدىن
پويىز، شىم ـ كاستۇم دېگەندەك نەرسىلەر دەسلەپ پەيدا
بولغاندا بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى دەپ قارالغانىدى. نۇر-
غۇن كىشىلەر مۇشۇ تۇيەيلى ئېچىنىشلىق بەدەللەرنى تۆ-
لىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەلىيى كەلگەنلەر تاپا ـ تانە،
تىل ـ هاقارەتلەرگە قېلىپ ئامان قالدى، تەلىيى كەلمە-
گەنلەر زىندانغا چۈشتى، هەتتا جېنىدىن ئايرىلدى. شۇڭا
هازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن بەهرىلىنىۋاتقان بىزلەر ئا-
شۇ يولباشچىلارغا رەهمەت ئېيتىشىمىز كېرەك.

چىلى سۇلالىسىنىڭ ئەنگلىيە، فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق
تۇنجى ئەلچىسى گوسۇڭتاۋ خاننىڭ هوقۇقى هەممىدىن
ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاشۇ دەۋرلەردە، غەربنىڭ هاكىمىيەت
تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئارتۇقچە-
لىقلىرىنى تەرغىب قىلغان، گوسۇڭتاۋنىڭ بۇ ئىشلىرى
ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغمىغان، هەتتا ئۇ
ئالەمدىن ئۆتۈپ توققۇز يىلدىن كېيىن، بەزىلەر «ئۇنىڭ
قەبرىسىنى ئېچىپ، كۆلىنى كۆككە سورىماقچى» بولغان.
ئۇنىڭ غەربنى تونۇشتۇرۇپ يازغان كىتابلىرى كۆيدۈ-
رۈلگەن، مەنئى قىلىنغان. گوسۇڭتاۋنىڭ ياردەمچىسى
ئۇنىڭغا: «بىرىنچىدىن، پوتەينى كۆزدىن كەچۈرگەندە
ئەجنەبىيچە كىيىندى؛ ئىككىنچىدىن، ئەجنەبىيلەرنىڭ پا-
دىشاهىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى؛ ئۈ-
چىنچىدىن، كونسېرتقا بارغاندا نومۇر تىزىملىكىنى ئېلىپ
كۆردى» دەپ ئۈچ تۈرلۈك جىنايەت ئارتقانىدى. بۇ
جىنايەتلەر هازىر ئاڭلىماققا كۈلكىلىكتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما
ئەينى ۋاقىتتا گوسۇڭتاۋ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلار
ئاشۇ ئىشلارنى رەسمىي جىنايەت دەپ كۆپتۈرۈۋەتكەن
بولغاچقا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى
قوزغىغان. نەتىجىدە، گوسۇڭتاۋ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى
توشماي تۇرۇپلا، ئاغرىق سەۋەبىدىن ئىستېپانامە يېزىشقا
مەجبۇر بولغان، ئورنىمۇ ئۇنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپ، ئۇ-
نىڭ ئورنىغا باشقا ئادەمنى ئەۋەتكەن. گوسۇڭتاۋنىڭ ئە-
دىبىنىسى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگولۇقلارنىڭكىدىن 20 يىل،
هەتتا بەزىلەرنىڭكىدىن 100 يىل ئالدىدا ئىدى. گوسۇڭتاۋ
جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى چوڭ بىلىدىغان
بىرمۇ ئادەم چىقمىغان، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى خائىن دەپ

قارىغان.

جۇڭگودا توغرا يول تۇتقان ئاز سانلىقلار ئىدىيە تەقىبلەنگەن دەۋرلەردە، مۇستەبىتلىك ئەدىگەن جايلاردا جەمئىيەتنىڭ دۇشمىنىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئازچىلىقنىڭ كۆپچىلىككە بويسۇنۇشى دېموكراتىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىكەنلىكى كىشىلەرگە مەلۇملۇق، بىراق مۇستەبىتلىك ۋە ساختىلىق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە، ھۆكۈمرانىنىڭ پىكرى كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بولۇپ قالىدۇ (گەرچە كۆپچىلىك چىن كۆڭلىدىن ئاشۇ پىكىردە بولمىسىمۇ). بۇ ئەھۋال لۇشۈننىڭ «بۇرۇن ئازچىلىق كۆپچىلىكنى ئاني تاپاتتى، ھازىر بولسا كۆپچىلىك ئازچىلىقنى خارلاۋاتىدۇ» دېگىنىگە ئوخشايدۇ.

جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالىدىغانلارنىڭ سامانىدەك تولا، ھەق ـ ئادالەتنى ياقلايدىغانلارنىڭ كەم تېپىلىشى قەدىمدىن تارتىپ كىشىلەرنى ئامالسىز قالدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

دۆلىتىمىزدە سەگەكلەر ئاز سانلىقنى ئىگىلەپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئادەمگە زامانغا باقمىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. 1958 ـ يىلى تەلۋىلىشىپ كەتكەنلەر كۆپ، سەگەكلەر ئاز ئىدى. ئون يىللىق بالايىئاپەت مەزگىلىدىكى ھەقىقىي سەگەكلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا.

سەگەكلەر سەگەك ـ ھوشيارلىقى تۈپەيلى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆپچىلىكنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى قىلىپ قويۇلۇپ، كىشىلەر سەگەك، ھوشيار بولۇشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى.

كۆپچىلىكنىڭ قىلغىنىنىڭ ھەممىلا ۋاقىت خاتا بولۇۋېرىشى ناتايىن، ئەلۋەتتە. 1976 ـ يىلى كۆپچىلىكنىڭ كوچىلارغا چىقىپ، جۇئېنلەي زۇڭلىغا ماتەم تۇتقانلىقى توغرا بولغان.

ئاز ساندىكى سەگەكلەر كۆپ ساندىكى نادانلاردىن ئەندىشە قىلماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالماي دېسە، يا كۆپچىلىكنىڭ قاتارىغا ئۆتۈشكە، يا زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋېلىشقا، يا تارىخنىڭ ئالدىرىماي ئۆزگەرتىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سەگەكلەرنىڭ ئۇنداق زامانلاردا ئەتىۋارلىنىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ناھەق خارلىنىپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكنىڭ ئۆزىلا چوڭ ئىش بولغان بولىدۇ.

نورمال جەمئىيەتتە سەگەكلەرنى رىيازەت چەكتۈرمەسلىك، باسماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى كۆندىلىك خاتىرە، خەت ـ چەك، نۇتۇق ئورىگىناللىرىدا قالدۇرماستىن، ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلىشىغا پۇرسەت بېرىش — ئۇلارنى رىيازەت چەكتۈرمەسلىك، باسماسلىقنىڭ يولىدۇر.

بەزى ئىدىيىلەرنى كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلماسلىقىدىكى سەۋەب كىشىلەرنىڭ بىلىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمرانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراش ياكى ئېھتىياج تۈپەيلى، ئاشۇ ئىدىيىلەرنى پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدا. بۇ خۇددى فورما كىيگەن ساقچى بىر ئادەمنى يالاپ ئېلىپ مېڭىپ، «بۇ دېگەن بىر ئوغرى» دېسە، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالمىغىنىغا ئوخشايدۇ. بەزى ئەمەلدارلار ساختىپەزلىك قىلىدۇ، قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشتىن تەپ تارتمايدۇ، قىلغان ئىشلىرى پاش بولۇپ قالسا، توۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پاش قىلغانلارنى زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىگىلىكنىڭ خارابلىششى، باشقىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆزىدىن كۆرمەستىن، پاش قىلغانلارغا ئارتىپ قويىدۇ. ئۇلار قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، كۆپچىلىكنى ھەققانىيەتچى پاش قىلغۇچىلارغا نەپرەتلىنىشكە كۈشكۈرتىدۇ. نەتىجىدە، يامان ئىشنى قىلغان ئەمەلدارلار بەخىرامان يۈرۈپ، ھەق سۆزلىگەنلەر كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاندەك ئۇر ـ ئۇرغا قالىدۇ.

قۇملۇقتا كۆككە تاقاشقۇدەك دەل ـ دەرەخنىڭ، قاتقىلاق يەردە بولۇق ئۆسكەن زىرائەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىدىيىنىڭ ئۆسۈشىمۇ مۇۋاپىق تۇپراققا موھتاج. مۇۋاپىق تۇپراق بولمىسا، ئىدىيىنىڭ ئۆسۈشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ؛ يەككە ـ يېگانە پېتى قەيسەرلىك بىلەن يىلتىز تارتىپ ئۆسمەن، دېگەن تەقدىردە، بۇنداق ئىدىيە قاتتىق بوران ـ چاپقۇندا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۇجۇقۇپ كېتىدۇ.

—ليۇشيۇ قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى يانۋار سانىدىن ئېلىندى.

ئازاد نىزامىدىن ئەنجانى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

# يالغان ئۇخلىۋالغانلارنى ئويغاتقىلى بولمايدۇ



M
I
R
A
S

بۇنىڭدىن 85 يىل ئىلگىرى (1918 ـ يىلى)، بىر كۈنى كەچتە
بېيجىڭدىكى شاۋشىڭ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى بىناسىدا، چيەن
شۈەنتۇڭ بىلەن لۇشۈن ئوتتۇرىسىدا جۇڭگو هازىرقى زامان ئە-
دەبىيات تارىخىدىكى ئەهمىيىتى زور بولغان بىر قېتىملىق دە ـ
تالاش بولغان. لۇشۈن: «بىرمۇ دېرىزىسى يوق، بۇزۇۋېتىش
مۇمكىن بولمىغان بىر تۆمۈر ئۆيدە قاتتىق ئۇخلاۋاتقان خېلى كۆپ
ئادەم هايال ئۆتمەيلا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتمەكچى، بۇنداق ئەھ-
ۋالدا ئۇلار قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغانماي تۇرۇپلا كۆز يۇمسا، جان
تالاشقىنىنىمۇ بىلەلمەي قالىدۇ. بىراق سىز توۋلاپ يۈرۈپ ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدىكى سەگەكرەك ياتقان بىر نەچچەيلەننى ئويغىتىۋەت-
سىڭىز، بۇ بىر نەچچەيلەن ئۆلۈم ئالدىدا قاتتىق جان تالىشىدۇ. بۇ
ئەھۋالدا ئۇلارغا يۈز كېلەلەمسىز؟» دېگەن. چيەن شۈەنتۇڭ: «-
بىر نەچچەيلەن بولسىمۇ ئويغانغاندىكىن، ئۇلارنى بۇ تۆمۈر ئۆينى
بۇزۇپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، دېسىڭىز بولمايدۇ» دېگەن («چۇقان،
كىرىش سۆز»گە قارالسۇن)، «ئۇخلاش» ۋە «ئويغىنىش»
مەسىلىسى بۈگۈنكى يېڭى شارائىتتا يېڭىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا
چىقتى. شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار «قاتتىق ئۇيقۇ»
هالىتىدە «تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ» كەتمەيدۇ، يا «ئۆلۈم ئالدىدا
قاتتىق جان تالاشمايدۇ»، يا «بۇ تۆمۈر ئۆينى بۇزۇپ چىقىپ
كەتمەيدۇ». ئۇلار ئۇخلىغان بولۇۋالغاچقا، كاللىسى «ئويغاق»؛
ئەمما قىياپەت ـ هالىتىدىن قارىسا «قاتتىق ئۇيقۇ»دا، كونىلار-
نىڭ: «ئۇخلىغاننى ئويغاتماق ئاسان، ئۇخلىغان بولۇۋالغاننى ئوي-
غاتماق تەس» دېگىنىدەك، سىز بىر ياندا تۇرۇپ ھەرقانچە «-
قاتتىق توۋلىسىڭىزمۇ» ئۇخلىغان بولۇۋالغانلار خۇددى شېرىن
چۈش كۆرۈۋاتقاندەك «قاتتىق ئۇيقۇ» هالىتىدە تۇرىۋېرىدۇ.
ئۇخلىغان بولۇۋالغانلارنى ئويغاتقىلى بولمايدۇ. لۇشۈن هايات

بولغان بولسا، بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلار بولغىيدى؟

لىن يۇتاڭ «جۇڭگولۇقلارنىڭ زېرەكلىكى» دېگەن ماقالىسى-
دە: «زېرەك دېگەن سۆز هاماقەتكە قارىتا ئېيتىلىدۇ. جېڭ بەنچ-
ياۋ: ‹هاماقەت بولۇۋالماق تەس›، ‹زېرەك بولماق تەس، زېرەك-
لىكتىن هاماقەت بولۇۋالماق تېخىمۇ تەس› دېگەن. ناهايىتى جايىدا
ئېيتىلغان بۇ هېكمەتتە جۇڭگولۇقلارنىڭ سىرلىق جاهاندارچىلىق
پەلسەپىسى سىڭگەن ... شۇڭا جۇڭگودا زېرەكلىك بىلەن هاماقەت-
لىك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. جۇڭگولۇقلارنىڭ زېرەكلىكىنىڭ هاما-
قەت بولۇۋېلىشتىن باشقا، ئۆگەنگۈدەك ئالاهىدە يېرى يوق» دەپ
يازغان. جۇڭگودا يەنە: «بىلىپ تۇرساڭمۇ، هاماقەت بولۇۋال»
دەيدىغان گەپمۇ بار، بۇنىڭدىكى مەنىمۇ «ئويغاق» بولساڭمۇ
«ئۇخلىغان بولۇۋال» دېگەن يەرگە بارىدۇ. ئۇخلىغان بولۇۋال-
غاننى ئويغاتقىلى بولمىغاندەك، «بىلىپ تۇرۇپ، هاماقەت بولۇ-
ۋالغان»لارغا بىر نەرسە «بىلدۈرۈش» بەسي مۈشكۈلدۇر!

جېڭ بەنچياۋنىڭ تېرەن مەنىدە ئېيتقان «هاماقەت بولۇۋال-
ماق تەس» دېگەن بۇ سۆزنى هازىر نۇرغۇن كىشىلەر رېئال
تۇرمۇشتا «هاماقەت بولۇۋال» («ئۇخلىغان بولۇۋال»)غا ئۆز-
گەرتىۋالدى. راست هاماقەت بولسىغۇ، هەر هالدا چۈشىنىشكە بو-
لىدۇ، ئەمما هازىر راست هاماقەتلەردىن هاماقەت بولۇۋالغانلار
كۆپ. هاماقەت بولۇش ئادەمنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بول-
دۇ، ئەمما هاماقەت بولۇۋېلىش ئادەمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى،
خۇلق ـ مىجەزىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. نەپسانىيەتچى ئەمەلدار جاڭ
ئېرجياڭنىڭ «ئەمەلدارنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۈچۈن دەستۇر»
دېگەن كىتابىدا «باشلىقنىڭ ئالدىدا هاماقەت بولۇۋېلىش، كىچىك
بالا بولۇۋېلىش كېرەك» دېگەندەك «دانا مەسلىھەت»لەر تىلغا
ئېلىنغان. بۇ، ئەمەلدارلىق سورۇنىدىكى بەزى «يورۇشۇن قائى-

دىلەر»نى بىر ئادەمنىڭ ئەمەل ـ مەنسىپىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئىقتىدار ـ قابىلىيىتىنىڭ قانداقلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ «هاماقەتلىك ئىلمى»گە ماهىر ياكى ماهىر ئەمەسلىكىگە، «ئۇخلىغان بولۇۋېلىش»نى قاملاشتۇرۇش ـ قاملاشتۇرالماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ۋاستىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇنداق مۇهىتتا، كىمكى ئۆزىنىڭ هوشيار ـ سەگەك ئىكەنلىكىنى بىلىندۈرۈپ قويسا، ئاينىغان دەپ قارىلىپ، ئەمەل ـ مەنسىپى ئۆسۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئارامخۇدا كۈن ئالمىقىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. «زۇڭلىغا كۆڭلۈمدىكىلەرنى دەۋالاي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى لى چاڭپىڭنىڭ تارتقان سورۇقچىلىقلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. يېزا ئىگىلىكى، دېهقانلار مەسىلىسى جەهەتتە لى چاڭپىڭغا ئوخشاش «سەگەك» ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ساماندەك تولا. بىراق ئۇلار ئۇخلىغان بولۇۋېلىشقا رازىكى، ئۆزلىرىنىڭ سەگەكلىكىنى بىلىندۈرۈپ قويۇشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار «ئۇخلىغان بولۇۋال»سا، ئۆزىنى ئاياپ قالالايدۇ. «ئەمەلدارلار سورۇنىدا بىلىپ تۇرسىمۇ، هاماقەت بولۇۋالىدىغانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقى ئەمەلدارلارنىڭ هوقۇق ئۈلىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» (يۆپىڭنىڭ «بىلىپ تۇرسىمۇ هاماقەت بولۇۋېلىش» دېگەن كىتابىدىن).

جۇشىنىڭ «هاكىمىيەت توغرىسىدىكى پەند ـ نەسىهەتلەر» دېگەن ئەسىرىدە: «هازىرقى ئەمەلدارلار ـ بەگلەر جان بېقىشنىڭ كويىدا ئىشلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپلا بولدى قىلىدۇ. كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىدىلا يۈرىدۇ. چاتاق چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يۇقىرى ـ تۆۋەن بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىنى بويايدۇ. هېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولماي يۈرىدۇ. ئەگەر سەن تەرسالىق قىلىپ، سەگەك بولىمەن، دەپ تۇرۇۋالساڭ، ئەمەلدار بولالمايسەن ... هەممىدە سىلىق ـ سىپايە بولۇپ، زامانغا بېقىپ ئىش تۇتساڭ، ئۆزۈڭنى ئايىساڭ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولىدۇ، كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ ... رەسىم ـ قائىدىلەر مۇشۇنداق بولغاندىكىن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىق لازىمدۇر!» دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى «سىلىق ـ سىپايە بولۇش» دېگەن گەپنىڭ ئورنىدىن «ئويغاق بولساڭمۇ، ئۇخلىغان بولۇۋال» دېگەن مەنە چىقىدۇ. شۇڭا «ئۇخلىغان بولۇۋېلىش»نىڭ تارىخىنى ناهايىتى ئۇزاق دېيىشكە بولىدۇ. جۇڭگودىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەلۇم شارائىتتا «ئۇخلىغان بولۇۋالماسلىقىمۇ تەسكە چۈشكەن».

ئەمما جۇڭگودا ئۇخلىغان بولۇۋېلىشنى خالىمايدىغانلار ياكى ئويغاق يۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ. شاۋيەنشياڭ 1988 ـ يىلى: «سەگەكلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتنى هېس قىلدۇرىدۇ، دەپ غەپلەت ئىچىدە ياشاشقا تەن بەرسەك ياكى باشقىلارغا غەپلەت ئىلكىدە ياشاشنى ئۆگەتسەك بولمايدۇ. سەگەكلىك بىلەن ئۆلۈش غەپلەت ئىلكىدە ياشاشتىن ئەۋزەل؛ چۈنكى سەگەكلىك بولغاندا، تارىختىكىدەك ‹بىگۇناهلارنىڭ كاللىسى يەرگە دومىلاپ چۈشسە، قانخور جاللاتنىڭ شەمشىرىنى ئىتتىك ئىكەن، دەپ ماختايدىغان› كۈلكىلىك پاجىئەلەر تەكرارلانمايدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە «يۈگەنسىز پىكىرلەر» دېگەن ئەسىرىدە مەردانىلىك بىلەن: «تىرىكلىكتە سادا بولىدۇ، ئۆلۈكتە بولسا هېچقانداق سادا بولمايدۇ. هېچقانداق سادا بولمىغان دۆلەت هالاك بولغان دۆلەتتۇر، سادا ياڭراپ تۇرىدىغان دۆلەت بولسا، جۇشقۇن دۆلەتتۇر. بەزىدە ‹سۈكۈت قىلىش ئەۋزەل› بولسىمۇ، بىراق كۆپىنچە هاللاردا، سۈكۈت قىلىش جىنايەت سادىر قىلغانلىق بولىدۇ» دەپ يازغان. ئېينىشتېينمۇ: «مەن جەمئىيەتتىكى ئىنتايىن قەبىه، يامان دەپ قارىغان قىلمىشلارغا قارىتا كۆز قارىشىمنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلدىم، چۈنكى ئۇنداق قىلمىشلارغا قارىتا زۇۋان سۈرمەي تۇرۇۋالسام، ئۆزۈمنى خۇددى ئەسكىلەرگە بولۇشۇپ، شېرىك جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك ئويلاپ قالىمەن» دېگەن. ئۇلار ئويغانغاندىن كېيىن قايتا ئۇخلىغان بولۇۋالماستىن، قاتتىق ئۇيقۇدىكى باشقا كىشىلەرنى ئويغىتىشقا تىرىشقان، ئۇخلىغان بولۇۋالغانلارنى ئۇنداق قىلماسلىققا دەۋەت قىلغان. بىزگە كېرىكى، ئويغاقلار بىلەن تولغان جۇڭگو ئەمەسمۇ؟

يۇقىرىقى بايانلار «4 ـ ماي هەرىكىتى»دىن بۇيان مۇهاكىمە قىلىنىۋاتقان «ئويغىنىش» دېگەن تېمىنى ئېسىمگە سېلىپ قويدى. سوتسىيالىزمنىڭ «تۆۋەن باسقۇچى»دا تۇرۇۋاتقان جۇڭگودا «ئويغىتىش» كەم بولسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق «ئۇخلىغان بولۇۋالغان» ئاشۇ كىشىلەرنى «ئويغىتىمەن دېيىش»، («ئويغىتىش»)نىڭ هېچقانداق پايدىسى يوق («ئۇخلىغان بولۇۋالغانلارنى ئويغاتقىلى بولمايدۇ»). كىشىلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن «ئۇخلىغان بولۇۋېلىشى»دىكى ئىجتىمائىي مەنبەنى تۈپتىن يوقىتىش نۆۋەتتە جىددىي هەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر. چۈنكى ئاشۇ ئىجتىمائىي مەنبەنى تۈپتىن يوقاتقاندا، «ئويغىتىش» بولمىسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئويغىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇ مەنبەنى تۈپتىن يوقاتمىغاندا، «ئويغىتىش» ئەكسىچە ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشىلەرنى داۋاملىق خورەك تارتىپ ئۇخلىغان بولۇۋېلىشقا ئۈندەيدۇ.

—— يىجىڭ قەلىمىدىكى بۇ مۇلاهىزە «فېلىيەتون ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2003 ـ يىلى دېكابىر سانىدىن ئېلىندى.

ئازاتجان نىزامىدىن ئەنجانى تەرجىمىسى

مۇهەررىرى: مۇختار تۇردى

# «غەربىي رايون فىلولوگىيە بايلىقى مۇنبىرى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «غەربىي رايون فىلولوگىيە بايلىقى مۇنبىرى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا دۆلەتنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولغان «غەربىي رايون فىلولوگىيە بايلىقى مۇھىت خەزىنىسى» ۋە «غەربىي رايوننىڭ فىلولوگىيە بايلىقىنى قوغداش، ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش»نى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلىرى دوكلات قىلىنىپ، «غەربىي رايوننىڭ فىلولوگىيە بايلىقىنى قوغداش، ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» تېمىسى مەركەزلىك ھالدا مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىنغا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە غەربىي رايوندىكى بەزى ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن، غەربىي رايوننىڭ فىلولوگىيە بايلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان تاڭ يىجېي، لې دەيۈن، ليۇشېبىڭ، ليۇكۇيلى، چۈليۇيى، خاۋسۇمىن، جۇۋشىڭ، ۋاڭ جيەنمىن، جاڭ خەيياڭ، شۇپىڭ، جياۋجيەنجۇڭ، چېن شۇۋچېڭ، گۇسېن، رېن داشيۇ، ماشېڭدې، شياۋمېي، ليۇۋېنفېڭ، فاڭ لىلى، جۇ يۇشۇەن، ياڭ ياڭ، ۋاڭ جىسەن، زاۋيالى، جاڭ شىنشېڭ، ماداشۆ، فەن نيەنيىڭ، جاۋيۇگۇڭ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن يۇسۇپ ئىسھاق، بەختىيار باۋۇدۇن، تۇڭ جىنجۇن (شىبە) ئالىيە (ئۆزبېك)، تېڭ چۇنخۇا (رۇس)، باتۇر (موڭغۇل) قاتارلىق 100 گە يېقىن داڭلىق ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا يەنە مەزكۇر يىغىننى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ چىڭشەن، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە پارتكوم شۇجىسى خۇاڭ جۇڭسەي، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ پەن ـ تېخنىكا مەھكىمىسىدىن چېن يىڭشەن، پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئاساس مەھكىمىسىدىن جۇۋېننىڭ قاتارلىق يولداشلار ئىشتىراك قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى فېي شياۋتوڭ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۇن جياجېڭ ئەپەندى يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ چىڭشەن ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ ئېچىلىش مۇراسىمى نۇتقىدا مۇنداق دېدى:

بىز ئىلگىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى زىيادە تەكىتلەپ، فىلولوگىيە بايلىقىنى تونۇش ۋە ئۇنى قوغداشقا سەل قارىغان ئىكەنمىز. ئەمدىلىكتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئادەمنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ئىلمىي بولغان تەرەققىيات كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز بۇنى قىزغىن قوللايمىز. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بولمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىنىڭ تىكلىنىشى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى، مەدەنىيەتتىكى ئەھمىيىتى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئەھمىيىتىنى مۆلچەرلىگۈسىز دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇددىئاسى بىرىنچىدىن، خۇلاسە چىقىرىش؛ ئىككىنچىدىن، خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىش ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت نىشانىمىزنى تۇرغۇزۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. مەن بۇ تەتقىقات تېمىسىنىڭ نوقۇل «غەربىي ئېچىش» ئۇچۇنلا تۆھپە قوشۇپلا قالماي يەنە ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەتقىقات تېمىسىنىڭ مەسئۇلى، جۇڭگو سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، دوكتور فاڭ لىلى خانىم تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ۋاكالىتەن يىغىن ۋەكىللىرىگە مېدىيىلەردىن پايدىلىنىپ تەپسىلىي دوكلات بەردى. ئۇ تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئىلتىماس قىلىنىش ئارقا كۆرۈنۈشى، ئومۇمىي قۇرۇلمىسى، تەرەققىيات ئەھۋالى، قولغا كەلتۈرۈلگەن باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر، شۇنىڭدەك كېيىنكى باسقۇچلۇق پىلان قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

يەر شارى بىر گەۋدىلەشكەن بۈگۈنكى كۈندە، تالاي يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا ۋە يوقىلىپ كېتىۋاتماقتا. ب د ت ئىنسانىيەتنىڭ يېزىقسىز مەدەنىيىتى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيىتىنى قوغداش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېلىمىزمۇ بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، خەلقىمىزنى خەلق ئېغىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا سەپەرۋەر قىلماقتا. بىزنىڭ مەزكۇر تەتقىقات تېمىسىدا ئىشلەيدىغان خىزمىتىمىز بولسا، شۇ تاپتا يوقىلىپ كېتىۋاتقان ۋە ئاللىقاچان يوقالغان فىلولوگىيە بايلىقىنى خەزىنە شەكلىدە ساقلاپ قېلىش ۋە خاتىرىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت.

جۈملىدىن بۇ شەكىللىك ۋە شەكىلسىز مەدەنىيەت مىراسلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەزكۇر تەتقىقات تېمىسى فىلولوگىيە جۇغراپىيىسى، فىلولوگىيە مەنزىرىسى، نوپۇس ۋە فىلولوگىيە مائارىپى، دىن، فولكلور، ئەلنەغمە، خەلق گۈزەل ـ سەنئىتى، خەلق كۆي تىياترى، خەلق

ئۇسسۇلى، قول ھۈنەر ـ سەنئىتى، ئاسار ـ ئەتىقە ۋە ئارخېئولوگىيدىن ئىبارەت 11 گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، تەتقىقات گۇرۇپپىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن، شۇنداقلا داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن تەكلىپ قىلىنغان 100 دىن ئارتۇق فىلولوگىيە پەنلىرى ۋە سەنئەت پەنلىرى مۇتەخەسسىسى، ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلاردىن تەشكىللەنگەن.

تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق خىزمىتىدە ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈش ئۈچۈن باسقان مۇساپىسى 40 مىڭ چاقىرىمدىن ئاشقان، تارتقان فوتو سۈرىتى 9000 پارچىگە، توپلىغان ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرى ئون سائەتكە، يازما ماتېرىياللار 2 مىليون 400 مىڭ خەتكە، تەكشۈرۈش دوكلاتى 1 مىليون خەتكە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلمىي ماقالە 39 پارچە، تەكشۈرۈش دوكلاتى 23 پارچە، دالا تەكشۈرۈش خاتىرىسى ئالتە پارچە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خەرىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلىش ئالدىدا تۇرغان «غەربىي رايون فىلولوگىيە بايلىقى»، «غەربىي رايون فىلولوگىيە بايلىقىنى چوڭ تېپتىكى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «غەربىي رايون فىلولوگىيە بايلىقى دالا تەكشۈرۈش خاتىرىسى» قاتارلىق 10 مىليون خەتلىك ئۈچ پارچە كىتاب، 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت، 50 سائەتلىكتىن ئارتۇقراق ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىمۇ بار.

يىغىن جەمئىي ئۈچ كۈن داۋاملاشتى، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار يىغىن جەريانىدا «غەربىي رايون فىلولوگىيە بايلىقىنى قوغداش، ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» تېمىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا قىزغىن بەس ـ مۇنازىرە قىلدى.

ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى مۇختار تۇردى خەۋىرى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

2004.6

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ژۇرنال. «مىراس» — «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەر خىل ژۇرناللار سېپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، ژۇرنىلىمىز سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەر خىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، «گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار» سەھىپىسىدە ئىبرەتلىك قىسقا ھېكايە، مەسەللەر، «بۇرۇنقىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، «ئۈنچىلەر تىزمىسى» سەھىپىسىدە ئوت يۈرەك باتۇر ـ ئەزىمەتلىرىمىز ھەققىدىكى قىسسە ـ داستانلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «يا ئىشەن، يا ئىشەنمە» سەھىپىسىدە پالنامە، سالنامە، چۈش تەبىرلىرى، «لەقەمسىز ئەر بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىز كىشىلىرىنىڭ نام ـ شەرىپى ۋە فامىلە قوللىنىش ھەققىدىكى بىلىم ـ چۈشەنچىلىرى، «گۈزەللىك ئۇندۇر، توققۇزى توندۇر» سەھىپىسىدە مىللىتىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئۆي جابدۇش، بېزەش، پەردازچىلىق ئادەت ـ يوسۇنلىرى، «قانۇنسىز ئەل بولماس» سەھىپىسىدە ھەر خىل دېلولار، «باتۇر باتۇرنى تونۇر» سەھىپىسىدە ھەر ساھەلەردە ئۇتۇق قازىنىۋاتقانلار، «كۈلكە—جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە ـ يۇمۇرلار، «ئىللەت تۈزەلمىگۈچە، مىللەت تۈزەلمەس» سەھىپىسىدە بىز ۋە باشقىلار تۈزىتىشكە تېگىشلىك ھەر خىل ئىللەتلەر، «ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيىلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت ـ بىلىملەر «چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرمى ـ ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل ـ پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2005 ـ يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/ 0311 - 56NC

خەلقئارالىق نومۇرى: NSSI 1004- 3829

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 60 -58 ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

تېلېفون نومۇرى: 0991- 4554017

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى: 30.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 5.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# پاقىنىڭ ئىقرارنامىسى

—لۇشۇننىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى»گە تەقلىد

مېنىڭچە بۇ بىر قىلتاق، گەرچە دەلىل ـ ئىسپاتىم يوق بولمىسىمۇ، ئەمما، مېنىڭ تۇيغۇم ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ئارقىسىدا كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر مۇددىئانىڭ يوشۇرۇنغانلىقىدىن بېشارەت بەردى، ئۇ بولسىمۇ مېنى قەستلەش!

مەن بىر قاتار ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق يۇقىرىقى گۇمانلىرىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقالايمەن.

مىسالغا ئالسام، ئەسلىدە پىيادە يول يۇرۇشنى ياقتۇراتتىم، لېكىن ئۇلار مەن بىلەن قېرىشقاندەك: «سىز بىر رەھبەر تۇرۇپ، پىيادە ئىشقا بېرىپ كەلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ بۇ بىزنىڭ ئىدارىمىزنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، سىزگە سەپلەپ بەرگەن شوپۇرنى قايسى ئىشقا قويىمىز؟» دېيىشىپ، ماشىنا بىلەن ئىشقا ئاپىرىپ، قايتۇرۇپ كېلىشتى. ھەممەيلەننىڭ تەلەپ، ئارزۇسى شۇنداق بولغاچقا، ماڭمۇ بويسۇنماسلىققا ئامال بولمىدى. ئەمما، مەن كۈن بويى ھەرىكەت قىلماسلىقنىڭ سالامەتلىكىمگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىمەن.

يەنە بىر مىسال، مېنىڭ خاراكتېرىم: ئەزەلدىنلا ئۆز ئىشىنى ئۆزى بېجىرىش ئىدى. لېكىن ئۇلار مىجەزىمنىڭ ئەكسىچە، ماڭا ۋاكالىتەن بارلىق ئىشلارنى ئۆزلىرىلا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەتتا ماڭا قوسۇر تاپقۇدەكمۇ ئىمكانىيەت بەرمەي، مېنى قول پۇلاڭلىتىپ قويسىلا بولىدىغان ساراي خوجىدارىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ئىشلارغا گەرچەئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا مىننەتدار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويغان بولسامۇ، ئەمما، كۆڭلۈمدە زادىلاقايىل ئەمەسمەن، چۈنكى، ئانچە ـ مۇنچە مېڭىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىققۇ.

ئالايلۇق، مەن يەنە ئۆز ـ ئۆزۈمنى كۈتۈشكە، گۆشلۈك ھەم گۆشسىز تائاملارنى ماسلاشتۇرۇشقا، قۇۋۋەتلىك ۋە قۇۋۋەتسىز يېمەكلىكلەرنىڭ تەكشۈرۈلۈشىگە بەكمۇ دىققەت قىلاتتىم. لېكىن ئۇلار چىشىمغا تېگىشىپ، گۆشلۈك ۋە گۆشسىز تائاملارنىڭ ماس كېلىشىگە ئەھمىيەت بەرمىدى، ئاق ـ قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، بەدىنىمنىڭ داۋاملىق توغرىسىغا يوغىناپ سەمرىپ كېتىشىمگە سەۋەبكار بولدى. فىزىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلۈشۈم بۇزۇلۇپ، 40 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا يۇقىرى قان بېسىمى، يۈرەك كېسىلى قاتارلىقلارغا گىرىپتار بولۇپ، ئىسمى ـ جىسمىغا باب «دورا ساندۇقى»غا ئايلىنىپ قالدىم.

يەنە، مەسىلەن ... ھەي، بۇ مىساللارنى ئۈچ ـ تۆت ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتىپ بولۇش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن، بولدىلا، سۆزلىمەيلا قوياي.

قىسقىسى، ئۇلار ھەممە ئىشنى ئالدىن پىلانلاپ، غەرەزلىك ھالدا مېنى سوغۇق سۇ تولدۇرۇلغان قازانغا تاشلاپ قويۇلغان پاقىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئاندىن سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەتكەن، ئاخىرىدا بالايىئاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىمنى بىلىۋالالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، بۇ خىل دىمىق، تىنجىق مۇھىتتا كوركىرىتىپ «ناخشا ئېيتقۇزماقچى بولۇشقان».

مانا ھازىر، مەن ئۆزۈمنىڭ بىر رەھبەر ئەمەس، بەلكى ئۇلار بېقىپ بورداۋاتقان بىر دانە «سېمىز پاقا»غا ئوخشايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

ئۇلار ئاخىر مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. پاجىئەلىك ئاقىۋەت، ئۇنىڭ ئىلگىرى - - كېيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر يۈز بېرىدۇ. ئەمما، ئۇ مېنىڭ پەرەز قىلغىنىمدىن بەكمۇ بۇرۇن بولۇپ قالدى.

MIRAS

ئۇ كۈنى چىرايلىق ئايدىڭ كېچە ئىدى، ئۇلار مېنى
يېڭى شەھەر رېستورانىغا زىياپەتكە چاقىردى. بەزىلـەر
ئالدى بىلەن گىرغا سېلىپ بەدەن ئېغىرلىقىمنى ئۆلچىدى،
ئارقىدىنلا مېنى ئۇياق ـ بۇياققا كۆتۈرۈشۈپ، «پاھ، نەق
250 جىڭ كەپتۇ، ئۆتكەن قېتىم ئۆلچىگىنىمىزدىن سەككىز
جىڭ ياداپتۇ!» دەپ ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈشتى. ئۇ چاغدا
مەن بەكمۇ راھەتلىنىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنى
بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى جىڭلاپ باقىدىغان قاسساپـلارغـا
ئوخشاش مېنىڭ ئېغىرلىقىمنى ئۆلچەۋاتقانلىقىنى خىيالىم-
غىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن.

قاۋاقخانىدا كەيپىيات بەكمۇ يۇقىرى كـۆتـۈرۈلـدى،
ئۇلار بۇرۇنقىغا ئوخشاش نۆۋەت بىلەن ماڭا ھۆرمەت
شارابى تۇتتى. مەن بۇرۇنقى ھۆرمەت قەدەھلىرىنىڭ پە-
قەت رەپتىس بولۇپ، بۈگۈنكىنىڭ راست ئىكەنلىكـىـنى
ئويلىمىغانىدىم، شۇنداق قىلىپ، مەن ھېچقايسىنىڭ قولىنى
قايتۇرمىدىم، سۇنۇلغانلىكى شارابنى ئىشتىھا بىلەن سۈ-
مۈردۈم. جىق ئىچىپ قويغاچقىمىكىن، خۇددۇمنى بىلمەي
تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتىم، قايسى ئاق ھاراق، قايسى قىزىل
ھاراق، قايسى پىۋا ... ماڭا بەرىبىر ئىدى، ھەتتا ئېشەك
سۈيدۈكىنى ھاراق، دەپ تۇتسا، ئۇنىمۇ زوقلىنىپ ئىچە-
ۋېتىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم، ئاسمان چۆرگە-
لەپ، يەر پىرقىرىماقتا ئىدى.

كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم ئايلىنىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز
سىرتتا ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، ئىس ـ تۈتەكلەر ئاس-
مانغا كۆتۈرۈلدى، كۈتكۈچىلەر دەرھال: «ئوت كەتتى!
تېز قېچىڭلار!» دەپ قورقۇپ ۋارقىراشتى. مېنى ئارىغا
ئېلىپ جوزىنى تولدۇرۇپ خۇشال ئولتۇرغانلارنىڭ ھەم-
مىسى ئاشۇ ئاۋاز بىلەن بەدەر تىكىۋېتىپتۇ، ئۇزاقتىن بېرى
مېڭەمنى ئىشلەتمىگەچكىمىكىن، ئىنكاسىم سۇسلاپ كەتتى،
ئۆزۈم خام سېمىز، ھەرىكىتىم كالانپاي بولغاچقـا، كـۆپ
ئاۋارىچىلىككە يولۇقتۇم، مېنى پالاكەت باستى. بىرىنچى
پەلەمپەيدىنمۇ چۈشۈپ بولالماي، ئىس ئۇرۇپ كېتـىـپ
قاتتىق يىقىلىپ كەتتىم. سەزگۈم يوقىلىۋاتقان ئاشۇ دەق-
قىلەردىلا ئۆزۈمنىڭ بەدىنىنى قايناۋاتقان قازان ئىچىدىكى
پاقا ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردۈم. ئېنىق چۈ-
شەندىمكى، ئۇلارنىڭ بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇ-
يان پىلانلىغان سۇيىقەستى ئاخىر رويابقا چىققانىدى، ئال-
دى بىلەن ئۇلار مېنى تازا بورداپ بېقىپ خام سېمىز بىر
مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ، يۈگۈرۈش ئىقتىدارىمدىن مەھرۇم
قىلدى، بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلەنمەي ئاندىن بۇ ئاخ-
شامقى زىياپەتنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ماڭا خۇددۇمنى يوقاتقىچە
مەي ئىچكۈزۈپ مەستۇمۇستەغرەق قىلىۋەتتى، ئوت كەت-
كەن ھامان، مېنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ، نەق مەيداندا
ئۆزلىرىنىڭ يوقلۇقىغا پاكىت تۇرغۇزدى. بۇ ئامالمۇ بو-
لىدىكەن، بۇ قالتىس ياخشى چارە ئىكەن! مەن چۈشەن-
دىم، ئەمما بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم.

مېنىڭ ۋاپاتىم تەبىئىي ھالدا شۇ جايدىكى ئالاھىدە
چوڭ خەۋەرگە ئايلىنىپ، ئەتىكى گېزىتلەرنىڭ باش بېتىگە
بېرىلدۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بو-
لىدۇ: «يېڭى شەھەر رېستورانىدا تۈنۈگۈن تۇيۇقسىز ئوت
ئاپىتى يۈز بەردى. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگىنىگە تېخى بىر يىل
بولمىغان بۇ ئىدارە باشلىقى بەختكە قارشى بىردىنبىر ئا-
پەتكە ئۇچرىغۇچى بولۇپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى-
لەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ جەستى گويا پەلەمپەيدە ئۆ-
مىلەۋاتقان پاقىغىلا ئوخشاپ قالغانمىش».

— خۇ جيۇڭ ئىمزالىق بۇ ئەسەر «تاللانغان فېلىيەتونلار»
ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 11 ـ ئايلىق سانىدىن ئېلىندى.

**مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى**

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2003 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلاشقۇچىلار: **ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەتمىن**

تېلېفون: (0991) 4554017






## بىرىنچى كېپىنەك قۇرتى

بىرىنچى تېپتىكى كېپىنەك قۇرتىدىن گەپ ئاچساق، مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي ئۆمىلەپ، تاغ ـ دەريالاردىن ئېشىپ، ئاخىر بىر تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ، ئۇ كۆز ئالدىدىكى دەرەخنىڭ ئوخشىغان قىزىل ئالمىلار شاخلاردا سانجاق ـ سانجاق بولۇپ تۇرغان ئالما دەرىخى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، پەقەت ھەمراھلىرىنىڭ شاخقا يامىشىپ چىقالىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاڭسىزلا ئۇلارغا ئەگىشىپ دەرەخكە يامىشىپتۇ. بۇ كېپىنەك قۇرتىنىڭ ئېنىق مۇددىئا، نىشانىمۇ يوق بولۇپ، نېمە ئۈچۈن ياشاپ، نېمە ئۈچۈن ئۆلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق بىر قارىشىمۇ يوق ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى زادى قانداق بولغاندۇ؟ بەلكىم ئۇ، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ شاختىكى يوپۇرماقلار ئارىسىدىن بىر دانە چوڭ ئالمىنى تېپىۋېلىپ، بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشىغاندۇ ياكى قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدا يول تاپالماي، ئۆمۈرۋايەت سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق ئىچىدە قايمۇقۇپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگەندۇ؟ ئەمما، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، كۆپلىگەن قۇرتلار ھاياتلىقنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزمەي، ئەنە شۇنداق بىغەم ياشايدۇ.

## ئىككىنچى كېپىنەك قۇرتى

مەلۇم بىر كۈنى ئىككىنچى كېپىنەك قۇرتىمۇ ئۆمىلەگەن پېتىچە ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ كۆز ئالدىدىكى دەرەخنىڭ ئالما دەرىخى ئىكەنلىكىنى، مەقسىتىنىڭ بىر دانە يوغان، سۇلۇق ئالمىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىكەن. ئەمما، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ئالمىنىڭ قەيەردە بولىدىغانلىقىنى ئۇقمايدىكەن، ئاخىر ئۇ، ئالمىلار چوقۇم غول شاخلاردىكى يوپۇرماقلار ئارىسىدا بولىدۇ، دېگەنلەرنى خىيال قىلىپتۇ ـ دە، دەرەخ غولىغا يامىشىپ، توم ـ توم شاخلارغا قاراپ ئۆمىلەپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇ كېپىنەك قۇرتلار جەمئىيىتىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىمتىھان تۈزۈمى بار ـ دە، مۇبادا كۆپلىگەن قۇرتلار بىرلا ۋاقىتتا بىرلا شاخنى ئۆمىلەش نىشانى قىلىپ تاللىسا، قايسىسىغا رۇخسەت قىلىشنى ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ. بەختكە يارىشا، بۇ كېپىنەك قۇرتى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، يول بويى نۇرغۇن مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ، ئۆز ئارزۇسىغا كۆرە، كۆڭۈلدىكىدەك شاخلارنى ئۆمىلەش نىشانى قىلىپ تاللىۋاپتۇ، ئاخىرىدا ئۇنىۋېرسىتېت ناملىق شاختىن يوغان بىر ئالمىنى تېپىۋاپتۇ. لېكىن ئۇ خوجايىن ئىسىملىك بىر كېپىنەك قۇرتىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ناملىق شاخقا يامىشىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭكىدىنمۇ چوڭ بىر دانە ئالمىغا ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇ ئىگىلىك تىكلەش ناملىق بۇ شاخنىڭ ئەينى يىلى ئۆزى يامىششنى خالىمىغان شاخ ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، تولىمۇ ھەسرەتلىنىپتۇ.

## ئۈچىنچى كېپىنەك قۇرتى

ئارقىدىنلا ئۈچىنچى كېپىنەك قۇرتىمۇ دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان دۇربۇن بىلەن ئەتراپىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ، بىر دانە ئالاھىدە چوڭ ئالمىنى تېپىۋاپتۇ. تۈۋەندىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ مېڭىۋېتىپ، يەنە كۆپلىگەن شاخلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىپتۇ، دەرەخكە يامىشىش ئۇسۇلى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما، يۇقىرىدىن تۈۋەنگە قاراپ ئۆمىلىگەندە، پەقەت بىرلا خىل ئۇسۇلنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ھېلىقى چوڭ ئالمىنىڭ

تۇرغان ئورنىنى، ئۆزىنىڭ ئالما بار ياققا قاراپ ئىلگىرد-
لەش نىشانىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپتۇ. ئاندىن ئۆمىلەشكە
كىرىشىپ، شاختىن ـ شاختا ھالقىپ ئۆتۈش جەريانــىدا
قىلچە ھولۇقماپتۇ، چۈنكى، ئۇ مۇشۇنداق ئۆمىلەۋەرسە،
قايسى نىشانغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكــە،
باشقا قۇرتلار بىلەن قىستىلىشىپ، يول تالىشىپمۇ يۈر-
مەپتۇ. مىسالغا ئالساق، ئەگەر ئۇ پروفېسسور نامىلىق ئال-
منى نىشان قىلىپ ئۆمىلىگەن بولسا، چوقۇم مۇشۇ يول
بىلەن يۇقىرىغا يامىشىشى كېرەكلىكىنى، ئــەگــەر ساراي
خوجدارى نامىلىق ئالمىنى نىشان قىلغان بولسا، جەزمەن
ئىگىلىك تىكلەش نامىلىق شاخقا قاراپ ئۆمىلىشىشى لا-
زىملىقىنى ئېنىق بىلىدىكەن. دېمەك، بۇ كېپىنەك قۇرتى،
ئۆزىنىڭ ئالدىن بايقاش ئىقتىدارىغا تايىنىپ، كۆڭۈلدىكە-
دەك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىكەن، ئەمما، ئۇ
ئۆزى ئويلىمىغان كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنىمۇ
خىيالىدىن يىراق تۇتمايدىكەن، كىم بىلىدۇ، دەيسىز، ئۇ-
نىڭ ئۆمىلەش سۈرئىتى ئاستا بولغاچقا، كۆزلىگەن مەن-
زىلگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ھېلىقى ئالمىنى باشقا
قۇرتلار ئەپچىللىك بىلەن سوقۇپ كېتەمدۇ تېخى، ياكى
بولمىسا، پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئالما
سېسىپ بۇزۇلۇپ قالامدۇ تېخى!

### تۆتىنچى كېپىنەك قۇرتى

تۆتىنچى كېپىنەك قۇرتى ئادەتتىكى قۇرت ئــەمــەس
بولۇپ، ئالدىن ھېس قىلالايدىغان ۋە بىلەلەيدىغان ئىق-
تىدارغا ئىگە ئىكەن. ئۇ، ئۆزىگە قانداق ئالمىنىڭ لازىم-
لىقىنى ئالدىن بىلىپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈســىدىكى
ئالمىلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن ھېس قىلا-
لايدىكەن. ئۇنىڭ ئالدىن سېزەلەيدىغان دۇربۇنىنى قولغا
ئالغان ۋاقتى پەقەت بىر تاللا ئالمىنى نىشان قىلغان ۋاقىت
بولماستىن، بەلكى بىخ سۈرۈپ ھۆپپىدە ئېچىلغان ئالما
چېچەكلىرىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۆزەتكەن ۋاقتى ئىكەن.
ئۇ، ئۆز مۇساپىسىنى ھېسابلاپ، ئۆزى يېتىپ بارغۇچە، بۇ
چېچەكنىڭ بىردانە چوڭ ئالمىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى، بە-
رىنچى بولۇپ، شۇ ئالمىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالالايدىغانلىقىنى
توپتوغرا مۆلچەرلىيەلەيدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئالــما
تۈۋىگە ئۆمىلەپ بارغاندا، ئۆزى كۆزلىگەن نەتىجىگە ئې-
رىشىپ، شاد ـ خۇرام بەختلىك ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.

### بەشىنچى كېپىنەك قۇرتى

كېپىنەك قۇرتلىرىنىڭ ھېكايىسى ئەسلىدە مۇشۇ يەردە
ئاخىرلىشىشى كېرەك، چۈنكى ھەممە ھېكايىلەرنىڭ يەكۈ-
نى ئىجابىي ھەمدە چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە
بولغان بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئەمما، يەنە كۆپلىگەن كۆرۈر-
مەنلەر، بەشىنچى كېپىنەك قۇرتىنىڭ قانداقلىقىغا بەكــمۇ
قىزىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بەشىنچى خىل كېپــىــنــەك قــۇرتى
ھېچقانداق ئىش قىلماي، دەرەخ سايىسىدا سالقــىــنــلاپ
ئولتۇرۇشقا قىزىقىدۇ. دانە ـ دانە چوڭ ئالمىلار ئاسمان-
دىن ئۇنىڭ قېشىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، چوڭ بىر
تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ خېلى كۆپ شاخلىرى ئاللىبۇرۇن
ئۇلارنىڭ جەمەتى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. ئۇنىڭ بو-
ۋىسى، دادىسى، ئاكىلىرى دەرەخنىڭ غولىدىن ماكان تۇ-
تۇپ، باشقا قۇرتلارنىڭ بۇ جايغا يېقىنلىشىشىنى چەكلە-
گەن، ئالما پىشقاندا، دانە ـ دانە ئالمىلارنى پەســتــىكى
نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە تاشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاش ـ
تائام مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭكى،
مۇبادا سىز ئالتۇن قوشۇق تۇتۇپ تۇغۇلمىغان بولسىڭىز،
دەرەخ تۈۋىدىن چوڭ ئالمىلارنى تېرىۋالالايمەن، دەپ
خام خىيال قىلماڭ، ئالما بېشىڭىزغا چۈشۈپ، مېڭىڭىز-
نى چىقىرىۋەتمىسۇن.

——شى خەن ئىمزالىق بۇ ئەسەر «تاللانغان فېلىيەتونلار»
ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايلىق سانىدىن ئېلىندى.

مۇھەممەد ئىمىن ۋاھىت تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى


## مىراس ژۇرنىلىنىڭ بىلدۈرگۈسى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئــەســەر-
لەرنى رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنــىڭ
قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!
«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى





یەن شەن فوتوسی